# قۇرئان كەرىم ھەقىقەت

ئاپتورى: شەيخ ئابدۇلمەجىد زەندانى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئەكرەم ئەھمەد

بـــارلىق « لا إلــهَ إلاَّ الله  مُحَمَّـدٌ رَسُــوْلُ الله  » دىـــن ئىبـــارەت چـــن ھەقىقەتكـــە ئىمـــان كەلتۈرمەيدىغانلارغا . . . !

بەزى قۇرئان ئايەتلىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر، ئىلىم- پەن ساھەسىدىكى غەيرىي مۇسۇلمان ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەرنىڭ دىلىنى قاراڭغۇلاشتۇرۋالغان شەك- گۇمان يوقۇلۇپ ھەقىقەت ئويغىنىپ ئايدىڭلاشتى.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان! شۇڭا بىز سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە غايىۋى يۆلۈنۈشىڭىزنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئىسلام دىنىنى ئىلمىيلىك ، سەمىمىلىك ۋە ئوبيېكتىپلىق بىلەن ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر مۇلاھىزە ۋە ئانالىز قىلىپ ، ئۇنىڭ سىياسىي قانۇن ، ئەخلاق- پەزىلەت ۋە قىممەت قارشى...قاتارلىقلار بىلەن ياخشى تونۇشۇپ ، الله نىڭ رىزالىقى ۋە جەننىتى بىلەن زەپەر قۇچىشىڭىز ۋە ئاخىرەتتە جازالىنىشتىن قۇتۇلىشىڭىز ئۈچۈن ، قالغان ھاياتىڭىزدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشىڭىزنى تەشەببۇس قىلىمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇ – ئىستىكى بارلىقنى، بارچە ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يولنى تېپىپ كىشىلىك ھاياتنى شات– خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، قۇربان بېرىش بىلەن بىرگە ، ئاتېئىزملىق، شېرىكلىك ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئەتەي ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئادەمسىمان ئىلاھ .. قاتارلىقلارنىڭ تورزىقىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى ھارماي- تالماي ئىمان نۇرىغا يېتەكلەشنى چىن دىنى ۋە ئىنسانى بۇرچى دەپ بىلىشىدۇر.. مانابۇ بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردىن- بىر ۋەزىپىسىدۇر..

بىزگە ئىنسانىيەتتە قېرىنداش بولغان ھەربىر بۇرادىرىمىزنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويىمىزكى ، نۆۋەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ناھايىتمۇ ئېچىنىشلىق...ئۇلار ، دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن ۋە تەلىم- تەربىيسىدىن بەكمۇ يىراق ...ئۇلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى شەرت–شارائىتى ، ئۇلارنى باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قىلىش ئىمكانىيتىگە ئىگە تۇرۇقلۇق ، ئۇلار سانائەت ، تېخنولوگىيە ۋە ئەسكىرى كۈچ جەھەتتە بەكلا ئارقىدا قالماقتا.. مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى پاسسىپ ئەھۋالىنى سىزنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۇقتىسىنەزىرىڭىزگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز...ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا روشەن خاتالىق. بۇ توغۇرلۇق بىر ئالىم « ھەقىقي ئەرلەر تېپىلسىلا ، ئىسلام نېمە دېگەن بۈيۈك دىن.. ! » دېگەن .بىز ھەربىر مۇسۇلمان زىيالىلىر نىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن- الله خالىسا- مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى پات–ئارىدا ، الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەمنۇن قىلىدىغان ، ئىنسانلار تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ مۇكەممەل ، ئەڭ ئىلغار ، ئەڭ ئىلمىي ھالىتىگە قايتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ..

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە

1– قىسىم:  ئىنساننىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار

2 – قىسىم: ئىنساننىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار

3– قىسىم :تېرە ۋە نېرۋىلارنىڭ سېزىمى ۋە  مەركەزلىرى ۋە قۇرئانى خارەكتېرلەش

4– قىسىم: پروفېسسسور كرونېرنىڭ قۇرئاندىكى گېئولوگىيلىك ۋە  ئاستورنومىيلىك ئايەتلەرگەبولغان كۆزقارشى

5– قىسىم: تۆرەلمە باسقۇچلىرىنىڭ مورفولوگىيلىك خاراكتېرلىنىشى

6 – قىسىم : قۇرئانى ھەقىقەت بىلەن ئىلىم–پەن كەشپىياتلىرىنىڭ بىردەك چىقىشى

7– قىسىم:ئىسلام ۋە ئىلىم – پەن

8– قىسىم: قۇرئاندىكى ئوكيانشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت ئايەتلەرگە قىسقىچە نەزەر

9– قىسىم: پاھشۋازلىقنىڭ ئەۋجى ئېلىشى بىلەن ۋابا كېسەللىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى

10 – قىسىم: قۇرئان كەرىم ۋە جۇغراپىيە

11 – قىسىم:  تاغ ۋە قۇرئان كەرىم

12– قىسىم: قۇرئان كەرىم ۋە ئاستورنومىيە

13– قىسىم: تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى

14– قىسىم: دېڭىز– ئوكيان ۋە قۇرئان كەرىم

15– قىسىم: دېڭىز ھادىسلىرى  ئىلىم– پەن نەتىجىلىرى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى ئوتتۇرسىدا

خاتىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

بارلىق ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاش ، بارچە كائىناتلارنى پەرۋىش قىلغۇچى پەۋەردىگار– الله غىلا خاستۇر ، ھەققانىيەتنى ياقلاشتا كۆكرەك كېرىپ دادىل قەدەم تاشلاپ ماڭالىشىمىزئۈچۈن ، ئەمەلى تۇرمۇش ۋە بىباھا ئىش–ئىزلىرى ، قىممەتلىك يولىۇرۇقلىرى ئارقىلىق ھاياتلىق يولىمىزغا تا قىيامەتكىچە ئۆچمەس مەشئەللەرنى يېقىپ بەرگەن قەدىرلىك ، جانىجان پەيغەمبىرىمىز ( محمد) ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىغا شۇنداقلا پىداكارلىقىنىڭ ۋە باھادۇرلۇقىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى بولغان ، جان پىدا ساھابىلىرىگە ۋە ئىزباسارلىرىغا ھەددى ھىساپسىز دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن...

ھۆرمەتلىك كىتاپخان..!، قولۇڭىزدىكى بۇ كىتاپ بولسا،ئەسلىدە شەيخ «ئابدۇلمەجىد زىندانى» بىلەن ئىلىم– پەنىنىڭ يېشۋالىرى بولغان 14 ئالىم ئوتتۇرىسدا بولۇپ ئۆتكەن، ئىلمىي سۆھبەت خاتىرلەنگەن « مانابۇ ھەقىقەت » ناملىق سىنئالغۇ لېنتىسى بولۇپ، پايدىنىڭ تېخمۇ ئىجتىمائىيلىششى ۋە ئامىبابلىششى ئۈچۈن بىز بۇنى « قۇرئان الله نىڭ كالامىمۇ...؟ » ناملىق بۇ كىتاپ شەكلىدە كىتاپخانلىرمىزغا تەقدىم قىلمىز.. بۇ كىتاپ ئىلىم– پەنىنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىدە ئىختىساسلاشقان 14 ئىلىم– پەن خادىملىرى بىلەن بولغان ، ئىلمىي سۆھبەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.. بۇ سۆھبەتنىڭ مۇددىئاسى ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى ئىلىم–مەرىپەت ئۆگۈنىشكە پائال تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە تەبئي پەن ھەقىقەتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرسىدا ئاتالمىش "توقۇنۇش" نىڭ ھەرگىزمۇ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ، قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرى 1400 يىل ئىلگىرى ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىدى .

سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ ئىلىم–پەن خادىملىرى غەيرى مۇسۇلمان تۇرۇغلۇق ، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن بايقاپ يەتكەن ھەقىقەتلەرنى ، قۇرئان كەرىمنىڭ 1400 بورۇن ئاشكارا تىلغا ئالغانلىقىنى ياكى دارىتمىلاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ ھەقىقەتنى ئېتراپ قىلىش بىلەن ھەيران–ھەس بولاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنى ئىپادىلىشى ئوخشاش بولمىسمۇ بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىيەت مەنبەسىدىن بولۇشىنى ئورتاق ئىنكار قىلاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىللىرى [محمد] ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق–ئاشكارا ئېلان قىلىشسا ، بەزىللىرى" ئىككى شاھادەت"نى ئېيتىپ الله نىڭ بىردىن–دىن ھاكىم مۇتلەقلىكىنى ۋە [محمد] ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىشتى .. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئىلىم–پەن پېشۋالىرىنىڭ ئېتراپلىرى ، ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرىغا ، زىيالىلارغا ۋە خەلقئاممىسىغا پۇلاتتەك پاكىت بولۇپ قالغۇسى...

خوش، ئەمدى ئىماندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ، مۇشۇ پولاتتەك ئىلمىي پاكىت ئالدىدا ۋە ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ ئىقرار ۋە ئېتراپ قىلىشلىرى ئالدىدا نېمىمۇ دە..؟! الله قۇرئاندا: (قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ كَانَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَكَفَرْتُمْ بِهِ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِنْ بَنِي إِسْرائِيلَ عَلَى مِثْلِهِ فَآمَنَ وَاسْتَكْبَرْتُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ) (الاحقاف:10) « ئى مۇھەممەد..! قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلارغا-: [ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ..! قۇرئان الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار ، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بىرگۇۋاھچى قۇرئاننىڭ الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتسا ، سىلەر مەنمەنلىك قىلىپ ئىماندىن باش تارتىڭلار ، الله ھەقىقەتەن مەنمەنلىك قىلىپ ھەقتىن باش تارتىپ ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.. ] دېگىن» دېگەن .

والحمد لله رب العالمين .

1427 ھ

# 1– قىسىم

## ( ئىنسانىيەتنىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار)

(1)

السلام عليكم ورحمة الله وبركاته

ﷲ [ مۇھەممەد ] ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى . ﷲ قۇرئاندا:(وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ) (الانبياء:107)، « ئى مۇھەممەد...! سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىش يۈزۈسىدىنلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق »– دېگەن . [س/ ئەنبىيا:107– ئا].

(مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنى سەھرادىكى چارۋىچىلارغا، ئۆۋەتتىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەردىكى ، ئىلمىي خادىملارغا ۋە شۇنداقلا بارلىق ئەسىرلەردىكى كىشىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ، پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلەتتى . ﷲ قۇرئاندا : ( وَلِكُلِّ قَوْمٍ هَادٍ)(الرعد: من الآية7)، « ھەربىر قەۋم ئۈچۈن توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق »– دېگەن .(س/ رەئد :7–ئا) ئەمما (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالام بولسا ، ئالەمشۇمۇل پەيغەمبەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ﷲ (مۇھەممەد )ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ، دەلىل– پاكىتلارنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىل– پاكىتلىرىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدە قىلدى .(مۇھەممەد) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىل– پاكىتلىرىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى ، شۇ پەيغەمبەرگە زاماندا بولغان كىشىلەرلا كۆرەتتى ، مۆجىزىلەرنىڭ كىشىلەر كۆزىدىن يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ، ﷲ يېڭى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتەتتى ، ئۇ يېڭى پەيغەمبەر بولسا، دىنىي ۋە مۆجىزىلەرنى يېڭىلاش رولىنى ئېلىپ باراتتى . بىراق (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالام تا قىيامەتكىچىلىك ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغانلىقتىن ، ﷲ بۇ پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسىنى مەڭگۈلۈك قىلدى .

ناۋادا بىز ھەرقانداق يەھۇدىدىن ياكى خرىستىياندىن "مۇسا" ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى "ئىيسا" ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلساق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا «قىلالمايمەن... [مۇسا] ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىك ھاسىسىنى ياكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ، پەيغەمبەر [ئىيسا]نى ، كۆز ئالدىڭلارغا ھازىر قىلالمايمەن ، بىزدە بار بولغىنى پەقەت بەزى تارىخى رىۋايەتتىنلا ئىبارەت »– دەپ جاۋاپ

بېرىدۇ . بىراق ھەرقانداق مۇسۇلمان ، ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ مۆجىزىسى توغرىسىدا سورۇلۇپ قالسا ، تەمتىرمەيلا « (مۇھەممەد)ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر »- دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ يۈكسەك كىتاپ بولسا ، ئىنسانىيەت قولىدا نەق بار بولغان مىسلىسىز ، مەڭگۈلۈك مۆجىزدۇر ، ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭدىكى مۆجىزىلەرنى ، بىردىن – بىر ۋاراقلاپ كۆرۈپ بېقىشى مۇمكىن. الله بۇ كىتاپتا:

(قُلْ أَيُّ شَيْءٍ أَكْبَرُ شَهَادَةً قُلِ اللّهُ شَهِيدٌ بِيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَذَا الْقُرْآنُ لِأُنذِرَكُم بِهِ وَمَن بَلَغَ أَئِنَّكُمْ لَتَشْهَدُونَ أَنَّ مَعَ اللّهِ آلِهَةً أُخْرَى قُل لاَّ أَشْهَدُ قُلْ إِنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَإِنَّنِي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ) « ئى مۇھەممەد.. ! سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭدىن شەكلەنگەن كىشلەرگە ئېيتقىنكى ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغانغا ، قايسى بىركىم ئەڭ چوڭ گۇۋاھچى بولالايدۇ..؟ ، الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە گۇۋاھ بولىدىغان ئەڭ بۈيۈك گۇۋاھچىدۇر ، بۇ قۇرئان ماڭا ، سىلەرنى ۋە سىلەردىن كېيىنكى قىيامەتكىچە قۇرئان يەتكەن كىشلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ۋەھي قىلىندى» دېگەن.(س/ئەنئام: 19–ئا).

قۇرئاندىكى ئىلمى مۆجىزىنىڭ خاراكتېرى ، ئۇنىڭدىكى ئىلاھى ئىلىم–مەرىپەتتۇر ، الله بۇ ھەقتە: (لَّكِنِ اللّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنزَلَ إِلَيْكَ أَنزَلَهُ بِعِلْمِهِ) (النساالله:166) « الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق ، سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى ئۆزئىلىم–مەرىپىتى بىلەن نازىل قىلدى» دېگەن.(س/نىسا، 166–ئا).

نۆۋەتتىكى ئىختىساسلىق كىشلەرنىڭ ، مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ ، ۋە ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنىڭ قوماندانلىرى بولغان ، ئالى مەكتەپلەردىكى پروفېسسورلارنىڭ ، الله نىڭ بۇ يۈكسەك كىتابىدىكى ، ئىلىم–مەرىپەتلەرنى ، كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشى ناھايىتى ئاسان ئىش .

ئۇلار بولسا ، تەبئىي پەنلەرساھەسىدە ، زور غەلبىلەرگە ئېرىشتى ، قۇرئان كەرىم بولسا ، بۇ پەنلەرگە ۋە ئىنسانىيەتكە ئائىت خېلى كۆپ ئىلمي ھەققەتلەر توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدى ، نۆۋەتتىكى نەتىجىسى قانداق بولدى...؟

مانا بۇ كىشى ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى، خەلقئارالىق ئاتاغلىق ئالىم پروفېسسور [ كىسمور] بولدۇ.

ئۇنىڭدىن ، ئۆزى مۇتەخەسسىس ساھەگە ئائىت ، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شېرىپلار ھەققىدە ، كۆزقارشىنى ئوتتۇرغا قويۇش ئۈچۈن ئىلمىي مەسلەھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى ، بۇ پروفېسسور دۇنياغا داڭلىق – (The Developing Human) [ ئىنساننىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار ] دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى .

بۇ كىتاپ تا ھازىرغىچە، روس ، ياپون ، گېرمان ، خەنزۇ، ئىتالىيە ، پورتىگالىيە ۋە يۇگۇسلاۋىيە ، قاتارلىق يەتتە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىندى . ئۇنىڭدىن ، ئۆزى ئاڭلىغان قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شېرىپلار توغرۇلۇق كۆزقارشىنى ئوتتۇرغا قۇيۇش تەلەپ قىلىنۋىدى ، ئۇ ھاڭ–تاڭ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەيرانە — ھەستە ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەپ « پەيغەمبەر (مۇھەممەد) نىڭ 1400 يىل ئىلگىرى ، ئالىملار پەقەت 30 يىل مابەينىدە بىلىشكە قادىر بولالىغان ، تۆرەلمە ۋە تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلىرىنى بۇنداق تەلتۆكۈس ، ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بېرىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.ﷺ »– دېدى .

ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېزلا، بۇ ھىدايە ت خاراكتېرلىك مەلۇماتقا قىزقىشقا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، بۇ يىغىلىقنى ئىلمىي سورۇنلاردا ، ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە [ ھازىرقى زامان تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن كېلىشى ]ناملىق لېكسىيەسىنى بىر قېتىملىق ئىلمىي يىغلىشتا ، ئىلمىي خادىملارغا ئاڭلىتىپ ئۆتتى .

پادىشا ئابدۇلئەزىز داشۆسىنىڭ سابىق مۇدىرى [ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ] نىڭ رەئىسى– دوكتۇر (ئابدۇللا نەسىپ) ، پروفېسسور [كىسمور ]نى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ:–« بۈگۈنكى نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولسا ،كانادا " تورىنتو" ئۇنىۋېرستىدىكى ، ئاناتومىيە ۋە تۆرەمەشۇناسلىق پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، پروفېسسور[ كىسمور] بولىدۇ.

پروفېسسور[ كىسمور] نۇرغۇن ئۇنىۋېرستىلاردا خىزمەت قىلغان ، جۈملىدىن كانادانىڭ غەربىدىكى " توينابىك" ئۇنىۋېرستىتىدا 11 يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا ، زور شان–شەرەپكە ئېرىشكەن ۋە شۇنداقلا بىر نەچچە خەلقئارالىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە رەئىس بولغان ، جۈملىدىن كانادا ۋە ئامېرىكىدىكى ، ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمەشۇناسلىق ئالىملار جەمئىيتى ۋە بېئولوگىيە پەن تەتقىقات ئۇيۇشمىسىمىڭ رەئىسى بولغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كانادادىكى پادىشالىق تىببى جەمئىيتىنىڭ ئەزالىقىغا ، خەلقئارا ستولوگىيە ئاكادېمىسىنىڭ ئەزالىقىغا ، ئامېرىكا ئاناتومىيە دوختۇرلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا ، ھەمدە ئىككى ئامېرىكا ئاناتومىيە ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان .

پروفېسسور [ كىسمور] خېلى كۆپ ئىلمىي كىتاپلارنىڭ يېزىپ چىققان ، بۇ كىتاپلارنىڭ بەزىللىرى تاشقى ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەلىرىگە ئائىت بولۇپ ، بۇنىڭدىن 8 كىتاپ ، تىببى پاكۇلتېت ئوقۇغۇچىللىرىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىدىغان كىتاپلىرى ھساپلىنىدۇ، بۇ كىتاپلار تا ھازىرغىچە ، ئىتالىيە ، گىرمانىيە ، پورتىگالىيە ، ئىسپانىيە ، خەنزۇۋە گرېكچە .. قاتارلىق تېللارغا تەرجىمە قىلىندى.

پروفېسسور (كىسمور) كۆز قارشىنى ئوتتۇرغا قويۇپ : « مەن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلاردىكى، ئۆرگىنىك جانلىقلارغا ئائىت بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلارنى ئىزاھلاشقا قاتناشقانلىغىمدىن ئۆزەمنى ناھايىتى

بـەختلىك ھېـس قىلماقتىمـەن . ماڭـا شۇنىسى ئېنىـق ئايـان بولـدىكى ، بـۇ دەلىـل-پـاكىتلار پەيغەمبـەر (محمد) ئەلەيھىسسالامغا جەزمەن الله دىن كەلگەن ، چۈنكى بۇ مەلۇماتلار بولسا ، تېخى يېقىندىلا بىر نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن بايقالغان ، مانابۇ ماڭا (مۇھەممەد) الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ »-دېدى.

پروفېسسور( ئابدۇلمەجىد زىندانى) پروفېسسور (كىسمور) نىڭ كۆز قارشى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنـداق دەيدۇ:- « قېرىندىشىم ...! مانابۇ تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسـىدىكى مەشـھۇر ئـالىملار قاتارىـدىكى ، داڭلىق ئـالىم پروفېسسور[ كىسمور] قۇرئاندىكى ئۆزى مۇتەخەسسىس ساھەگە ئائىت ئايەتلەرنى ، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن نېمە دېگەنلىكىنى ياخشى تەھلىل قىلىپ باق..! ئۇ ، [ (مۇھەممـەد) جەزمـەن الله نـىڭ پەيغـەمبىرى بولۇشـى كېـرەك] -دېـدى . پروفېسسـور [كىسـمور] ئەينـەك قۇتـا ئىچـدىكى زۇلـۇك قـۇرتىنى كـۆرۈپ ، زۇلۇكىسـمان باسقۇچتىكى تۆرەلمە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئاجايىپ ئوخشاشلىقنى بايقىدى ، ئۇ بۇ مەسىلىنىڭ ئىلمىيلىكـىنى قولـلىدى ۋە كۆچەكتـە ياشـايدىغان زۇلـۇك قـۇرتىنىڭ رەسـىمى بىلـەن تـۆرەلمىنىڭ رەسـىمىنى ، بىـر يەرگـە ئـەكىلىپ ئېنىقلىمـا شـەكلىدە ، بىـر نەچچـە قېتىملـىق ئىلمـي يىغـىنلاردا ، دوختۇرلارغـا كۆرسـەتتى( 1- رەسىمگـە قـاراڭ!) ۋە شـۇنىڭ بىلـەن بىرگـە پروفېسسـور [كىسـمور] تـۆرەلمىنىڭ زۇلۇكىسـمان باسقۇچتا ، بالياتقۇغا ئېسىلىپ تۇردىغانلىقىنى كۆرسـىتىپ ئـۆتتى ( 2- رەسىمگـە قـاراڭ! ) ، شـۇنداقلا "ئەلـەق" دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ( ئۆيۈلماقان)دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

پروفېسسور [كىسمور] تۆرەلمىنىڭ زۇلۇك قۇرتىغا ئوخشايدىغان باسقۇچىدا، تۆرەلمە بىلـەن بالاھـەمرايى قان ئايلىنىشتىن بـۇرۇن ، تۆرەلمـە قـان تـومۇرلاردا سـولۇنۇپ تۇردىغـانلىقى ، شـۇنىڭ بىلـەن تـۆرەلمىنىڭ شـەكلى، بۇچاغدا ئۆيۈلماقان شەكلىدە كۆرىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.( 3- رەسىمگە قاراڭ! )

مانا مۇشۇتداق قىلىپ "ئەلەق" دېگەن بىر سۆز، تـۆرەلمىنىڭ بـارلىق خۇسۇسـىيەتلىرىنى تەلتۆكـۈس بايـان قىلىپ بەرگەن بولىدۇ. بۇ مەلۇمات بىلەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنى كىم خەۋەرلەندۈرگەن...؟

قۇرئان كەرىم تۆرەلمىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ، تۆرلەر بۇيچە ئايرىپ« تۆرەلمـە ئىككـىنچى باسـقۇچتا ، چاينالغان پارچە نەرسىگە ئوخشايدۇ» دېگەن. پروفېسسور(كىسـمور)بـۇ تـوغۇرلۇق سـۆزلەپ ، بىرپارچـە سـېغىز لايىنى ئـەكىلىپ بىـر چىشلىگـەندىن كېيىـن ، تـۆرەلمىنىڭ رەسـىمنى بىلـەن ئىككىسـىنى سېلىشـتۇرۇپ كـۆردى ۋە [ تۆرەلمە بىلەن چىشلەنگەن سېغىز لاي تامامەن بىر-بىرىگە ئوخشۇشىدىكەن ] دېدى.( 4- رەسىمگە قاراڭ!)

كانادادىكى بەزى گېزىت-ژورنـاللاردا، پروفېسسـور(كىسـمور)نـىڭ بـۇ تـوغۇرلۇق بايانـاتلىرىنى ئېـلان قىلدى.

يېقىندا پروفېسسور [كىسمور] كانادا تېلۋىزيەسىدە، قۇرئان كـەرىم 1400 يىـل ئىلگـىرى تىلغـا ئېلىـپ ئۆتكەن ئىلمي ھەقىقەتلەربىلەن نۆۋەتتىكى ئىلىم -پـەن تېپىـپ چىققـان يېڭـى ئىلمـي كەشـپىياتلارنىڭ بىـردەك

چىققانلىغى توغۇرلۇق ئۈچ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى .

پروفېسسور تېلۋېزىيەدە نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئەسنادا :–« پروفېسور.. ، ئۇنداقتا سىز قۇرئاننىڭ ﷲ نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىشىندىكەنسىز–دە..؟ » دېگەن سوئال قويۇلدى.

پروفېسسور :– « مەن قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشتە قىلچە تەمتىرەپ قالمىدىم »–دەپ جاۋاپ بەردى .

سوئال سورۇغۇچى:– « سىز خىرىستىيان دىنىغا ئىما كەلتۈردىغان تۇرسىڭىز ، قانداق قىلىپ (مۇھەممەد)كە ئىمان كەلتۈرسىز.؟»– دېدى .

پروفېسسور :– « مېنىڭ ئېتقاد قىلىشىمچە ئۇ ئىككىسى بىر مەدرىسىنىڭ ئادەملىرى »– دەپ جاۋاپ بەردى.

نۆۋەتتىكى ئالىملارمۇ، پروفېسسور [كىسمور] دەك قۇرئاندىكى ، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بۇ قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ ۋەھىسى ئىكەنلىگىنى تونۇپ يېتىشى بەكلا ئاسان ئىشتۇر .

ﷲ قۇرئاندا: (لَكِنِ اللَّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنْزَلَ إِلَيْكَ أَنْزَلَهُ بِعِلْمِهِ)(النساﷲ: من الايه166) « ئى مۇھەممەد...! ﷲ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق ، سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ، گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ﷲ قۇرئاننى ئۆز ئىلىم– بىلمى بىلەن نازىل قىلدى » دېگەن [س/ نىسا:166–ئا]. ۋە شۇنداقلا ، ئالىملار قۇرئاندىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرسە(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىگىنىمۇ ئاسانلا بىلۋالالايدۇ .

ﷲ قۇرئاندا: (وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ) (سبـ:6) « ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك ﷲ نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 2 – قىسىم

( ئىنساننىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار)

(2)

السلام عليكم و رحمة الله و بركاته،،

الحمد لله رب العالمين و الصلاة ، والسلام على سيدنا محمد و آله و صحبه و بعد:

" The Developing Human" [ ئىنسانىيەتنىڭ تۆرىلىشىدىكى باسقۇچلار ] دېگەن بۇ كىتاب بولسا، خەلقئارالىق پايدىلىنىش ماتېريالى بولۇپ ، تا هازىرغىچە سەككىز خىل تىلغا ترجىمە قىلىنىدى. ئاپتۇرى داڭلىق ئالىم پروفېسسور [ كىسمور] بولىدۇ.

خەلقئارادا ئەڭ ياخشى كىتابنى تاللاش ئۈچۈن ئامېرىكىدا بىر ئىلمىي گۇرۇپپا تەشكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ كىتاب بولسا ، ئاشۇ گۇرۇپپا تەرىپىدىن دۇنيا بويىچە[ ئەڭ ياخشى كىتاب] دەپ تاللىۋېلىنغان. بىز بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇزى مۇتەخەسسىس بولغان ، تۆرەلمە شۇناسلىق ساھەسىگە ئائىت بەزى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شېرىپلارنى كۆرسەتتۇق ، ئۇ بىز كۆرسەتكەن ئايەت ۋە ھەدىس شېرىپلارنىڭ ئىلمىيلىكىگە قانائەتلەندى . بىز ئۇ كىشىگە :–« سىز كىتاۋىڭىزدا – ئوتتۇرا ئەسىرنى تىلغا ئېلىپ ، بۇ ئەسىرلەردە تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمى تەرەققى قىلمىغان ،بەلكى بۇساھەدە ئازغىنە ساددا پىكىرلار بولغان – دەپ يېزىپسىز ، مانا بۇئوتتۇرا ئەسىردە ، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلاپ ، (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا الله دىن ۋەھى قىلىنغان ھىدايەت خارەكتېرلىك بۇ قۇرئاننى كىشىلەر تەلىم بېرىشكە باشلىغان .بۇ قۇرئاندا بولسا ، ئىنسانىيەتنىڭ تۆرىلىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يارىلىشىدىكى باسقۇچلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن . سىز بولسىڭىز خەلقئارالىق ئالىم ؛ نېمە ئۈچۈن ئىنساپ قىلىپ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزكىتاۋىڭىزدا تىلغا ئالمىدىڭىز..؟ »– دېدۇق. ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ :–« بۇ ھەقىقەتلەر بولسا ، مەندە بولماستىن بەلكى سىلەردە، قېنى ئۇ ھەقىقەتلەرنى تەپسىلى بىزگە تونۇشتۇرۇڭلار ..!» دېدى . بىز ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈردۇق . ئۇكىشى ھەقىقەت ئالدىدا كۆزيۇمۇۋالمايدىغان جەسۇر ئالىم ئىدى . بىز ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن قۇرئاندىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى كىتاۋىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق باسمىسىغا قوشتى . بۇ كىتاپ بولسا ، ئۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تارقالماقتا ، دۇنيادىكى ، ئېنگىلىس ، خەنزۇ، روس، ياپون ، گېرمان ، ئىتالىيە ، يۇگوسلاۋىيە ، ۋە

پورتگال تىللىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان، داڭلىق ئالىملار ، پروفېسسور (كىسمور )كىتاۋىغا قوشقان بۇ قۇرئانى ھەقىقەتنى ئوقۇيدۇ. پروفېسسور(كىسمور)كىتاۋىدىكى ( ئوتتۇرا ئەسىر ) دېگەن بابىدا « ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلىم-پەننىڭ يۈكسىلىشى ناھايىتى ئاستا بولغان ، بىز بۇ ئۇ ئەسىردە تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر ئىلمىي قولىيازما ئۇچۇرتالمىدۇق.ئەمما ئاشۇ ئەسىردە نازىل بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئان كەرىمدە ، ئىنسان ، ئەر-ئايالنىڭ ئارلاشما ئاجراتمىسى ( زىگوتا1 )دىن يارىتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋەشۇنداقلا قۇرئان بىر نەچچە ئايەتتە ، ئىنسان ئەر-ئايالنىڭ ئارلاشما مەنىسىنىڭ بەزى ئاجراتمىلىرىدىن يارىتىلىدىغانلىقىنى 2 ۋە بۇ ھەركەتچان ئاجرالمىلار ئالتە كۈندىن كېيىن ئۇرۇق سۈپىتىدە، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدا ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىنغان . شۇنىسى ئېنىقكى ، ئۇرۇقلانغان ئانلىق ھۆجەيرىسى بۆلۈنىشكە باشلىنىشىغىلا ، بۇ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمچە ئالتە كۈندىن كېيىن يېتىلىشكە باشلايدۇ ، قۇرئان كەرىم بۇ ئۆزگىرىشنى بايان قىلىپ : « مەنى ئۇيۇلماقان شەكلىگە ئۆزگىرىش ئۇچۇن تەدرىجى تەرەققى قىلىدۇ » دېگەن. ئۇرۇقلانغان ئانلىق تۇخۇم بۆلۈنىشكە باشلىغان چاغدىكى شەكلى ، ياكى بىرەر سەۋەپ تۈپەيلى چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمىنىڭ شەكلىنى زۇلۇك قۇرتىغا ئوخشىتىش مۇمكىن بولىدۇ . ( 5- رەسىمگە قاراڭ! ) تۆرەلمىنىڭ شەكلى قان شورىغۇچى زۇلۇك قۇرتىدىن پەرىقلەنمەيدۇ.

قۇرئان كەرىم تۆرەلمىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنى «تۆرەلمە بۇ چاغدا چاينالغان نەرسىگە ئوخشايدۇ » دەپ تەسۋىرلىگەن . قېنى بىز ئالىملارنىڭ مىكروسكوپ بىلەن چوڭايتقان تۆرەلمىنىڭ شەكلىگە قاراپ باقايلى ، گويا بۇ تۆرەلمە بىراۋ چىشلىگەن سېغىزدەك ، ئۇنىڭدا چىشنىڭ ئىزلىرى ئېنىق نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ ( 6- رەسىمگە قاراڭ!) قىرىق ياكى قىرىق ئىككى كۈندىن كېيىن ئىنسان شەكلىگە كىرىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھايۋانلارنىڭ تۆرەلمىسىگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئادەمنىڭ تۆرەلمىسىدە ، ئادەمگە خاس ئۆزگىچە سۈپەت كۆرۈنىشكە باشلايدۇ ، الله قۇرئان كەرىمدە: (يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقاً مِنْ بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلاثٍ)(الزمر: من الآية6)

« الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدا بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا تەدرىجى تەرەققى قىلدۇرۇپ ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياراتتى » دېگەن .( س/ زۇمەر: 6-ئا). دېمەك تۆرەلمە زۇلمەتلىك ئۈچ پەردىنىڭ ئىچىدە پەلىمۇ – پەللە تەدرىجى تەرەققى قىلىدۇ ، بۇ يەردەكۆزدە تۇتۇلغان ئۈچ پەردە بولسا ،1- ئانىنىڭ قوسىقى .2- بالىياتقۇ.3-بالا ھەمرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا تۆرەلمىگە ئائىت جەلىپ قىلارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ماۋزۇلار قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى بۇيەردە سۆزلەپ ئۆتۈشكە ۋاقىت يارىبەرمەيدۇ » دېگەن . مانا بۇ پروفېسسور[كىسمور] نىڭ يازغىنى بولۇپ ، الله نىڭ خاھىشى بىلەن،بۇ ئىلمىي ماقالە خەلقئارادىكى ھەر تۈرلۈك ساھەدىكى مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ ئورتاق ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشتى .

پروفېسسور [ كىسمور] نۆۋەتتە خەلقئارادا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىنى تەقسىم

قىلىشتا قوللىنىۋاتقان ئۇسلۇب ، چۈشىنىشى تەس ، ھەممە تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىنى چۈشىنىشتە ئۈنۈمى ئاز بولغان ، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى نۇقۇل ھالەتتە رەقەملىك ئىپادىلىنىپ ، 1- نۇمۇرلۇق باسقۇچ ، 2- نۇمۇرلۇق باسقۇچ ، 3- نۇمۇرلۇق باسقۇچ ، 4- نۇمۇرلۇق باسقۇچ دېگەندەك رەقەملەر بىلەن تەقسىم قىلىنغانلىقتىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى .

قۇرئاندىكى تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى تەقسىم قىلىنىشتا ، رەقەملىك ئىپادىلەشكە تايانماستىن ، بەلكى تۆرەلمىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ، روشەن ئوخشاشمىغان شەكلى ئاساس قىلىنغان ، قۇرئان كەرىمدە تۆرەلمىنىڭ تۈرلەر بويىچە تەقسىم قىلىنىشى مۇنداق : ئىسپېرما ھالىتىدىكى باسقۇچ ، زۈلۈكسىمان باسقۇچ ، سۆڭەك تۇقۇلمىلىرىنىڭ يېتىلىش باسقۇچى ، سۆڭەككە ئەت قونۇش ( مۇسكۇل) باسقۇچى ۋە باشقا بىر مەخلۇق شەكلىگە ئۆزگىرىش باسقۇچى.. قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، قۇرئان كەرىم بۇ ھەربىر باسقۇچتا يەنە ئالاھىدە ئوخشاشمىغان تەپسىلاتلارنىمۇ بىر-بىرلەپ تىلغا ئالغان .

(وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ سُلالَةٍ مِنْ طِينٍ. ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَكِينٍ.ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَاماً فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْماً ثُمَّ أَنْشَأْنَاهُ خَلْقاً آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ) (المؤمنون:14) "بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىپ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق[12]. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق [13]. ئاندىن ئابىمەننى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر [14] (سۈرە مۆمىنۇن 12-14-ئايەتلەر)

تۆرەلمىنىڭ ئۆزگىچە مۇئەييەن ئۆزگىرىش شەكلىگە تايىنىدىغان بۇ قۇرئانچە تەقسىملاش توغرۇلۇق پروفېسسور [كىسمور] كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ :- « قۇرئاندىكى تۆرەلمىنىڭ مۇشۇ تۈردە تەقسىملىنىشى بولسا ، ناھايىتى پايدىلىق ، چۈشىنىشكە ئاسان ، ئىنچىكە ئىلمىي تەقسىماتتۇر » دېدى .

پروفېسسور[كىسمور] بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ :- « تۆرەلمىنى ئۈچ قات پەردە ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ ، ( 7- رەسىمگە قاراڭ!) ، ئادەم تۆرەلمىسىنىڭ باسقۇچلىرى ناھايىتى چىگىش بولۇپ ، بۇنىڭ سەۋەبى تۆرەلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىشىدىندۇر ، شۇڭا تۆرەلمىنى تەقسىملاشتا ، قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا ئىستېمال قىلىنغان ئاتالغۇ ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىنى تەقسىملاشتا ، يېڭى بىر تۆرەلمە تىرمىن سىستېمىنى ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ ، بۇ يېڭى سىستېما، ھازىرقى زامان تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىگە ئۇيغۇن كېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئاممىباپلىقى ۋە چۈشىنىشلىكى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ، يېقىنقى تۆت يىل مابەينىدە، قۇرئان ۋە ھەدىسلار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز تەتقىقات

ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ، ھەيران قالارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ، مىلادى يەتتىنچى ئەسىردىكى، تۆرەلمەشۇناسلىق تارىخىدا بەزى نەرسىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ، تا يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلىك ، تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسىدەكۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر نەرسە دېيىلمىگەن ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قۇرئان كەرىمدىكى ئادەم تۆرەلمىسىنىڭ ئىنچىكە سۈپەتلىرى يەتتىنچى ئەسىردىكى ئىلمىي مەلۇماتقا ئاساسەن مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس .

ئۇنداقتا بىردىن– بىر ئاقىلانە ھۆكۈم، تۆرەلمىنىڭ بۇ ئىنچىكە سۈپەتلىرى پەيغەمبەر (مۇھەممەد) كە ھەممىنى بىلىدىغان بۈيۈك الله تەرىپىدىن ۋەھى قىلىنغاندۇر، ئۇ ئەسىردە پەيغەمبەر (مۇھەممەد) تەك بىر شەخسىنىڭ بۇنداق ئىلمىي تەپسىلاتلارنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ) نىڭ ساۋاتسىز كىشى ئىكەنلىكى بارلىق ئىنسانىيەتكە مەلۇم ، شۇڭا ئۇ زاتقا ئىلمىي پراكتېكا قىلىش پۇرسىتىمۇ بولمىغان .

بىز پروفېسسور [كىسمور] غا « يۇقۇردا سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز تامامەن توغرا ، بىراق بۇ دېگەنلىرىڭىز بىز ، سىزگە كۆرسەتكەن تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسىگە ئائىت ، قۇرئان ۋە ھەدىسلاردىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاز، شۇڭا سىز ئۆزىڭىز مۇتەخەسسىس بولغان ساھەگە ئائىت بارلىق ھەدىس ۋە ئايەتلەرنىڭ تولۇق بايان قىلىنىشى ئۈچۈن ، كەڭ – كۇشادە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيسىز ؟» دېدۇق . ئۇكىشى جاۋاپ بېرىپ : « مەن بۇ ئىلمىي كىتاپتىكى مۇناسىپ ئورۇنغا ماس ھالدا، يۇقارقىلارنى يازدىم ، ھىلھەم مەن سىزنىڭ تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسىگە ئائىت بىز ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلغان بارلىق ھەدىس ۋە ئايەتلەرنى جەملەپ{ئىسلامى قۇشۇمچە} سۈپىتىدە بۇ كىتاۋىمدىكى مۇناسىپ ئورۇننى تاللاپ كىرگۈزىشىڭىزگە رۇخسەت قىلدىم ، سىز ھەدىس ۋە ئايەتلەرنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئايەت ۋە ھەدىسلارنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىك تەرىپىنى بايان قىلىسىڭىز بولىدۇ » دېدى . مەن ئۇكىشىنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . ئاندىن پروفېسسور بۇ ئىسلامى قۇشۇمچە توغۇرلۇق بىر تەقرىز يېزىپ بەردى . سىز كۆرۈۋاتقان بۇ كىتاپ بولسا، پروفېسسور (كىسمور) ئىسلامى قۇشۇمچە بىلەن بىللە بېسىسقا تەشببۇس قىلغان كىتاپتۇر. تۆرەلمەشۇناسلىققا ئائىت ھەربىر ئىلمىي ھەقىقەت بايان قىلىنغان بەتنى بىر– بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ مۇناسىپ ئورۇنغا قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ مۆجىزىلىگىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلارنى كىرگۈزدۇق. خۇدا خالىسا ، بىز ھەقىقەتكە ئىنتىلگۈچى ئىلغار سىنىپلار ئىدىيىسىدە شانلىق يېڭى بىر سەھىپىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنى بىلەن يەنە بىرجەم بولغۇسى...الله قۇرئاندا :(وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ) (سبأ:6)

« ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يىتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 3– قىسىم

## (تېرە ۋە ئېرۋىلارنىڭ سىرى ۋە مەركەزلىرى ۋە قۇرئانى خارەكتېرلەش)

دوكتور [ تاجاسا تاجاسۇن ] بۇ قىسىمدا « لاإِلَهَ إِلاّ الله مُحَمَّدٌ رَسُولُ الله» دەپ ئىمان ئېيتقانلىغىنى ئېلان قىلماقتا...پروفېسسور (ئابدۇلمەجىد زىندانى) بۇ كىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:–« ئۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادتا ئېچىلغان سەككىزىنچى نۆۋەتلىك تىببىي يىغىندا ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغۋاتقاتا ، بۇ كىشى بولسا ، تايلاندتىكى [شايىڭ ماي] داشۆسىدىكى ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمەشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ رەئىسى ، تىببىي فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور [ تاجاسا تاجاسۇن ]بولىدۇ .

پروفېسسور (تاجاسا تاجاسۇن )بىلەن بولغان ئالاقىمىز ، بىز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئىختىساس ساھەسى بولغان ، ئاناتومىيەگە ئائىت ، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلارنى كۆرسىتىش ۋە بۇ ھەقتە سوئال سوراش بىلەن باشلاندى .ئۇ بىزگە جاۋاپ بېرىش داۋامىدا–« بىزنىڭ مۇقەددەس بۇددا نوملىرىمىزدىمۇ ، تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىلگەن » دېدى. بىز ئۇ كىشىگە ، :« بىز ئاشۇ نوملاردىكى تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن تېكىستلارنى كۆرۈشكە ناھايىتى قىزىقىمىز ۋە ئاشۇ كىتاپلاردا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلىپ بېقىشنى خالايمىز» دېدۇق . ئۇ كىشى بىر يىلدىن كېيىن پادىشا ئابدۇلئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىببىي فاكۇلتېتىنىڭ ئۇقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندە ، بىز ئۇنىڭدىن : ھېلىقى بۇددا نوملىرىنى – سورىدۇق ، ئۇ پروفېسسور بىزدىن كەچۈرۈم سوراپ :–« مەن ئىنچىكە ئېنىقلىمايلا سىلەرگە جاۋاپ بېرىپتىكەنمەن ، مەن بۇ قېتىم بۇددا نوملىرىنى بىر– بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققان بولسامۇ ، تۆرەلمە باسقۇچلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىرمۇتېكىست تاپالمىدىم » دېدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ، دوكتۇر[ كىمسور ] نىڭ ( ھازىرقى زامان تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلاردىكى تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىگە ئۇيغۇن كېلىشى ) ناملىق يازما نۇتقىسىدىن بىر نۇسخا ھەدىيە قىلغاچ ، پروفېسسور(كىسمور) توغۇرلۇق سوراپ :–« سىز ئۇ كىشىنى تونامسىز ؟ » دېدۇق . ئۇ جاۋاپ بېرىپ :–« پروفېسسور(كىسمور) بولسا ، تۆرەلمەشۇناسلىق ساھەسىدە خەلقئارادىكى ئاتاغلىق ئالىملارنىڭ بىرى » دېدى . ئاندىن ھەدىيە قىلىنغان يازما نۇتۇقنى ئوقۇپ چىقىپ ، تېخمۇ ھەيران بولدى ، بىز ئۇنىڭدىن ، ئۆزىنىڭ مۇتەخەسسىس ساھاسىگە ئائىت بەزى

سوئاللارنى سورىدۇق ، جۈملىدىن ، بىر سوئال ئادەم تېرىسىگە ئائىت ئىدى ، ئۇ جاۋاپ بېرىپ :« شۇنداق ، مۇبادا كۆيۈك ئېغىر بولۇپ ، ئاغرىقنى ھېس قىلدىغان نېرۋىلار ۋەيران قىلىنسا » دېدى. تەرجىمان ئۇنىڭغا:- «سىزنىڭ شۇنى بىلىپ قېلىشىڭىز مۇھىمكى ، بۇ مۇقەددەس كىتاپ قۇرئان كەرىمدە 1400 يىل ئىلگىرى « الله دوزاختا كافىرلارنى ئوت بىلەن جازالايدىغانلىقنى ۋە كافىرلارنىڭ تېرىللىرى پىشىپ قالسا ، ئۇلارنىڭ ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ، الله ئۇلارنىڭ تېرىللىرنى قايتىدىن يېڭىلايدىغانلىقنى تىلغا ئالغان ، دېمەك قۇرئان كەرىم تېرىدىكى ئاغرىقنى ھېس قىلدىغان نېرۋىلارنىڭ ماھىيتىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن . ئايەتنىڭ تېكىسى مۇنداق: ( إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزاً حَكِيماً) (النساء:56)

بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى :« بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى جەزمەن دوزاخقا كىرگۈزىمىز ، قاچانلىكى ئۇلارنىڭ تېرىللىرى كۆيۈپ پىشىپ قالسا ، ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغاباشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز ، الله ھەقىقەتەن ھەممىگە غالىبتۇر ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [ س/ نىسا،56: ئا].

بىز «سىز قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن تېرىدىكى نېرۋىلارنىڭ بىر نەرسىنى ھېس قىلىشقا بولغان فۇنكسىيىسىگە ئىشارەت قىلغانلىقىغا قوشۇلامسىز ؟» دېدۇق. ئۇ كىشى « شۇنداق ، مەن ھازىر نېرۋىنىڭ فۇنكسىيىسى توغۇرلۇق ئۇزۇن زاماندىن بېرى بىرخىل تونۇشنىڭ بارلىقىغا قوشۇلىمەن، چۈنكى قۇرئاندا ، ناۋادا بىراۋجىنايەت سادىر قىلسا ، تېرىسىنى كۆيدۈرۈش بىلەن جازالىندىغانلىقى ، جىنايەتچى ئاغرىقنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، الله ئۇنىڭ تېرىسىنى يېڭىلاپ تۇردىغانلىقى زىكرى قىلىنغان ، دېمەك ئاغرىقنى ھېس قىلدىغان نېرۋىلارنىڭ تېرىدا ئىكەنلىگى 1400 يىل ئىلگىرى تونۇپ يېتىلگەن، شۇڭا الله كافىرلارنىڭ تېرىللىرنى يېڭىلاپ تۇردىغانلىقى دېيىلگەن »- دەپ جاۋاپ بەردى.

(ئادۇلمەجىد زىندانى) بۇ ھەقتە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:- «مۇبادا بىراۋنىڭ ئەزاسى كۆيسە ، كۆيگەننى ھېس قىلدىغان بىردىن- بىر ئورگان نېرۋىدۇر ، ئەگەر تېرە كۆيۈپ پىشىپ قالسا ، كۆيۈكنىڭ ئاغرىقى ھېس قىلىنمايدۇ، شۇڭا الله ، قىيامەت كۈنىدە كافىرلارنىڭ تېرىسىنى قايتا-قايتا يېڭىلاش بىلەن ئازابلايدۇ .

الله قۇرئان كەرىمدە « بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى جەزمەن دوزاخقا كىرگۈزىمىز ، قاچانلىكى ئۇلارنىڭ تېرىللىرى كۆيۈپ پىشىپ قالسا ، ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن،ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز» [ س/ نىسا،56 ئا]- دېگەن .شۇنداق قىلىپ بىز، بۇ پروفېسسورغا تەبئي پەنگە ئائىت بىر نەچچە ئايەت ۋە ھەدىسلارنى كۆرسۈتۈپ ئۆتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭدىن « مۇشۇ قۇرئان ئايەتلىرى پەيغەمبەر (مۇھەممەد) كە ئىنسانىيەت مەنبەسىدىن كېلىشى مۇمكىنمۇ ؟ »- دەپ سورىدۇق . پروفېسسور جاۋاپ بېرىپ :-« ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس » دېدى . بىز « ئۇنداقتا( محمد عليه الصلوة والسلام) غا بۇمەلۇماتلار نەدىن كەلگەن ؟ »-دەپ

سورىدۇق . ئۇ« بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىنسانى مەنبەدىن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس . بىراق مەن بۇنى سىلەردىن سورىماقچى، ( پەيغەمبەر مۇھەممەد) بۇ بىلىملەرنى نەدىن تەلىم ئالغان ؟ »–دېدى . بىز جاۋاپ بېرىپ:– « ( محمد عليه الصلوة و السلام) بۇ بىلىملەرنى ھەممىنى بىلگۈچى بۈيۈك الله دىن تەلىم ئالغان » دېدۇق. ئۇ كىشى ، بىزدىن « الله دېگەن كىم ؟ »– دەپ سوردى . بىز ئۇنىڭغا :– « ئۇ، مۇشۇ بارلىق كائىناتلارنى ياراتقان زاتتۇر. ئەگەر مەخلۇقاتلاردا ، ئەقىل– ئىدراكنى كۆرسەڭ ، بۇ بىر ئەقىل– ئىدراك بىلەن ئىش قىلغۇچى بىر زاتنى بىلدۈرىدۇ،ئەگەر مەخلۇقاتلاردا ئىلىم–بىلىمنىڭ ئەسرىنى كۆرسەڭ ، دېمەك ،بۇ مەخلۇقلارنى ئىلىملىك بىر زاتنىڭ ياراتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر مەخلۇقاتلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا ، ئۇستىلىق ۋە ماھىرلىقنى كۆرسەڭ ، دېمەك بۇ، مەلىكىلىك ، ماھىربىر زاتنىڭ مەخلۇقلىرى ئىكەنلىكىگىنى بىلدۈرىدۇ ، ئەگەر مەخلۇقاتلاردا مېھرىبانلىقنى كۆرسەڭ ، دېمەك بۇ ناھايىتى مېھرىبان زاتنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكىگىنى بىلدۈرىدۇ » دېدۇق .پروفېسسور [ تاجاسا تاجاسۇن ] ئاخىرى دېگەنلىرىمىزگە قانائەتلىنىپ ، يۇرتىغا قايتىپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى توغۇرلۇق بىر نەچچە يەردە نۇتۇق سۆزلىدى. بىزگە خەۋەر قىلىنىشچە ،ئۇنىڭ نۇتۇقنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىللىرىدىن بەشى ئىسلامغا كىرىپتۇ، كېيىن سەككىزىنچى نۆۋەتلىك ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئېچىلدىغان تىببىي يىغىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى .پروفېسسور [ تاجاسا تاجاسۇن ] قۇرئان ۋە ھەدىستىكى تىببى ساھەگە ئائىت مۆجىزىلەرتوغۇرلۇق مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان پروفېسسور ۋە دوكتۇرلارنىڭ ئىلمي نۇتۇقلىرىنى تىڭشىدى ، يىغىن ئاخىرىسىدا، پروفېسسور[ تاجاسا تاجاسون] ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:–« مەن ئۈچ يىل مابەينىدە، ئۆتكەن يىلى ئابدۇلمەجىد زىندانى ماڭابەرگەن تەرجىمە قۇرئانغا قىزىقىپ قالدىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابدۇلمەجىد زىندانى مەندىن ، پروفېسسور [ كىسمور] نىڭ يازما نۇتقىسنى تايلاند تىلغا تەرجىمە قىلىشىمنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇتوغۇرلۇق تايلاند مۇسۇلمانلىرىغا نۇتۇق سوزلىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى .مەن بۇ تەلەپنى تولۇق بىجا كەلتۈردۈم ، بۇنى سىلەر سىنئالغۇ لىنتىسىدىن كۆرگەن بولىشڭلار مۇمكىن .مەن قۇرئاندا 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان بارلىق سۆزلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ، شەكسىز ئىمان كەلتۈرمەن . قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بارلىق ھەقىقەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى ئىلمي ۋاستىلەر بىلەن ئىسپاتلاش ناھايىتى ئاسان ، شۇنىسى ئېنىقكى ، ( مجمد ىليه الڭلوه والسلام) يېزىش ، ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشى تورۇغلۇق ، بۇ ھەقىقەتلەرنى ئېلىپ كەلدى ، دېمەك ئۇ جەزمەن الله نىڭ ئەلچىسدۇر ، بۇ ئىلمي ھەقىقەتلەر بولسا، ھەممىنى بىلدىغان ، ھەممىنى ياراتقۇچى بۈيۈك بىر زات تەرىپىدىن ۋەھى ئارقىلىق (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندۇر ، بۇ ھەقىقەتنى ۋەھى قىلغان زات بولسا ، كائىناتلارنىڭ بارلىق سىرلىرىنى جەزمەن بىلدىغان الله دۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ، مېنىڭ (بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق ، مجمد ىليه الڭلوه والسلام الله نىڭ ئەلچىسدۇر)–دەپ ئىقرار ۋە ئېتراپ قىلدىغىنىمغا ۋاقىت توشتى – دەپ جەزملەشتۈردۈم ، ئاخىردا بۇ زور غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىلمي يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشىغا يېقىندىن

ياردەملەشكەن بارلىق بۇرادەرلىرىمگە ، چىن قەلبىمدىن سەمىمىي تەشەككۇر ئېيتىمەن ، بۇنداق زور كۆلەملىك يىغىنغا ماددى ۋە مەنۋى تەييارلىقلارنى ھازىرلاش ھەققەتەن قىيىن ئىش ، مەن بۇ يىغىندا ئىلمىي پايدىلارنى ئېلىپلا ، قالماستىن ، بەلكى نۇرغۇن ئالىملار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنۇتۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم .

مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئېرىشكەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم بولسا « لاإله إلاّ الله ، محمد رسول الله » دىن ئىبارەت يۈكسەك ئەقىدەدۇر . مەن ھازىر قەلبى ئىمان — ئىشەنچە بىلەن تولغان بىر مۇسۇلمانغا ئايلاندىم »

ئابدۇلمەجىد زىندانى « مانابۇ الله نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:( وَقُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ فَتَعْرِفُونَهَا)(النمل: من الآية93)

« ئى مۇھەممەد ! ، ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى ، الله بارلىق ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق زاتتۇر، الله سىلەرگە قۇرئاننىڭ ھەققەتەن الله نىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى پات-يېقىندا كۆرسىتىدۇ ، سىلەر ئۇ ئالامەتلەرنى تونۇيسىلەر ..»( س/ نەمل: 93 ئا] دېگەن ئايەتنىڭ كونكېرت تەپسىرىدۇر.

الله قۇرئاندىكى يەنە بىر ئايەتتە:

:(وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ) (سبأ:6) « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۇيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » — دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 4– قىسىم

( پروفېسسور كرونېرنىڭ قۇرئاندىكى گېئولوگىيىلىك ۋە  ئاستورنومىيىلىك ئايەتلەرگەبولغان كۆزقارىشى)

پروفېسسور ئالفەرد كرونېر « ئۇ، زامانىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان، كۆپىنچە ئىلمىي مەسىللەرنى ئەمەلى ئىسپاتلاپ بېرىش ، شۇ  زاماننىڭ ئۇزىدە، مۇمكىن بولمايتى ، ئەمما ھازىر زامانىۋىلاشقان يېڭى ئىلمىي سايمانلارنىڭ ۋاستىسى  بىلەن ،  پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالام 1400 يىل بۇرۇن دەپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئەمەلى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولىدۇ ».

ئابدۇلمەجىد زىندانى « بۇ كىشى  گېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئاتاغلىق ئالىملار ئارىسىدا ، تەنقىدچىلىك بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر گېئولوگ  ئالىم  پروفېسسور ( ئالفەرد كورنىر ) بولىدۇ . بىز بۇ كىشى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ، ئۇ كىشىگە ئۆزى مۇتەخەسسىس بولغان ساھەگە ئائىت بىر نەچچە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلارنى كۆرسەتتۇق ، ئۇ ئايەت ۋە  ھەدىسلارنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ،  بىرگە ئىلمىي سۆھبەتلەشكەش،ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسلار توغۇرلۇق كۆزقارىشىنىڭ قانداقلىغىنى سورىدۇق .ئۇ، كۆزقارىشىنى بىلدۇرۇپ :-« كۆپلىگەن گېئولوگىيىلىك  مەسىللەر ۋە يۇلتۇزلارنىڭ قانداق پەيدا بولۇشىغا ئائىت مەلۇماتلار پەيغەمبەر(مۇھەممەد) كە نەدىن  كەلگەن..؟، قانداقلىكى بولسۇن پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ساۋاتسىز ئىدى ، ئۇنىڭ بۇ مەلۇماتلارنى ئۆزى تىرىشىپ ياكى زامانىسىدىكى ئىلىم- مەرىپەتكە تايىنىپ بىلەلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇمەلۇماتلارنى ئالىملار تېخى يېقىندىلا  زامانىۋى ئىنچىكە تېخنىك سايمانلىرى بىلەنلا بايقاپ چىقالىغان »–دېدى .

پروفېسسور(ئالفەرد كرونېر)قۇرئان ساۋاتسىز پەيغەمبەر(مۇھەممەد) نىڭ ئەسىرى ئەمەسلىككە پاكىت كەلتۈرۈپ ، قۇرئاندىكى ، ئالەمنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پەيدا بولۇشىنى تەسۋىرلەپ: (أَوَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقاً فَفَتَقْنَاهُمَا وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ أَفَلا يُؤْمِنُونَ) (الانبياء:30)

« كافىرلار كۆرمەمدۇ.. ؟ ئاسمانلار بىلەن يەرشارى  بىر–بىرىگە تۇتاش ئىدى ، كېيىن  ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتۇق، سۇدىن بارلىق ئورگانىزملارنى ياراتتۇق »(س/ ئەنبىيا:30 ئا) دېگەن ئايەتنى مىسالغا ئالغان ئىدى ، تەپسىرشۇناس ، ئىبنى ئاببااس ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنى « ئاسمانلار ۋە يەرشارى ئەسلىدە بىر–بىرىگە تۇتاش  بىر جىسىم ئىدى » دەپ ئىزاھلىغان ،پروفېسسور (ئالفەرد كرونېر) بۇ مەلۇماتلارنى، پەيغەمبەر( مۇھەممەد) نىڭ ياكى ئۇنىڭ زامانىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ تونۇپ يېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى بايان قىلىش ئۈچۈن،بۇ ئايەتنى مىسال كەلتۈرگەن ئىدى .

پروفېسسور (ئالفەرد كرونېر) مۇنداق دەيدۇ:-« مېنىڭ قارشىمچە ،1400 يىل بۇرۇن ئاتوم فىزىكىسىنى بىلمەيدىغان بىر شەخسنىڭ ، ئاسمانلارۋە يەرشارىنىڭ ئەسلىدە بىر- بىرىگە تۇتاش بىر جىسىم ئىكەنلىكىنى ۋە بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن باشقا مەسىللەرنى ئۆز ئەقلى بىلەن تېپىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس » دېدى. پروفېسسور ئالفەرد كورنىر ئازراقلا پۇرسەت تاپسا، قۇرئاندىكى ھەقىقەتنى بۇرملايتى ، بۇ نىڭ مىسالى بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەرەب زېمنى توغۇرلۇق سۆھبەتلىشىپ ، ئۇنىڭدىن « ئەرەب يېرىم ئارىلدا باغۇ – بوستانلار ، ئېرىق – ئۆستەڭلەر بولغانمۇ؟ » دەپ سورىدۇق .

ئۇ «شۇنداق..، بولغان.. بۇ پالېئونتولوگىيلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلانغان » دەپ جاۋاپ بەردى . بىز« قاچان بولغان ؟ » دەپ سورىدۇق . ئۇ « يەشارىدا بولۇپ ئۆتكەن ، مۇز- ئەسىردە ، شۇنداق بولغان ، مۇزلار شىمالى ئۆكيانداكۆپىيدۇ ، ئاندىن جەنۇپ تەرەپكە قاراپ يۇرۇش قىلىدۇ ، ئەرەب يېرىم ئارىلغا نىسبى يېقىنلىشقاندا ئاب-ھاۋا دا ئۆزگىرىش بولىدۇ-دە ئەرەب زېمنى دۇنيادىكى باغۇ-بوستانلىق ، ئېرىق – ئۆستەڭلەر كۆپ شەھەرگە ئايلىنىدۇ » دەپ جاۋاپ بەردى. « بۇ مەسلە كېلەچەككە باغلىق تۇرسا ، قانداقمۇ بۇنى بىر ئىلمي ھەقىقەت دېسۇن ؟- دەپ ھەيران بولۇپ، بۇنىمىشقا ئىلمى ھەقىقەت ؟ » دەپ سورىدۇق . ئۇجاۋاپ بېرىپ:- « ھازىر يېڭى مۇز- ئەسرى باشلاندى ، قار تۇزانلىرى بولسا ، شىمالى مۇز ئۆكياندىن جەنۇپ تەرەپكە ئىككىنچى قېتىم يۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ھازىربۇقار تۇزانلىرى ئەرەپ دۆلەتلىرىگە يېقىن رايونلارغا يېقىنلىشىش يولىدا ، يەنە بىر ئىلمي پاكىتىمىز، سىلەر ئاڭلاۋاتقان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالى رايونلىرىدا ھەر قىش يەسىللىرىدە يۇز بېرۋاتقان قارلىق بورانلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملار بۇنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئىسپاتلىماقتا » دېدى. بىز ئۇنىڭغا:- « سىزنىڭ ئېيتىشىڭىزچە ئالىملار ، بۇ مەلۇماتنى زامانىۋى تېخنىكا سايمانلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئىزلىكىسز ئىزدىنىش ئارقىلىق بايقىغان ئىكەن ، ئەمما بۇنى 1400 يىل بۇرۇن پەيغەمبىرمىز( محمد عليه الصلوة والسلام ) ئالدىنئالا خەۋەر قىلغان . ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ، پەيغەمبىرمىز ( ئەرەب زېمىندا باغۇ-بوستان ۋە دەريالار بار ئىدى ، تا ئەرەب زېمنىدا قايتىدىن باغۇ- بوستان ۋە دەريالار بولماي تۇرۇپ ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ ) دېگەن . ( محمد عليه الصلوه والسلام )غا ئەرەب زېمىندا باغۇ-بوستان ۋە دەريالار بولغانلىقنى كىم دېگەن ؟ » دەپ سوئال قويدۇق . ئۇ دەرھال « رومانلىقلار » دەپ جاۋاپ بەردى. بىز، ئۇنىڭ جىددى پەيتە ئۇستۇلۇق بىلەن ئۆزنى قاچۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ « ئۇنداقتا ئەرەپ زېمىندا كېلەچەكتە باغۇ-بوستان ۋە دەريالارنىڭ بولىدىغانلىقنى ( محمد عليه الصلوة والسلام )غا كىم دېگەن ؟ » دەپ سورىدۇق . پروفېسسور (كرونېر) قېيىن ئەھۋالغا چوشۇپ قالغاندا پۇرسەت تاپسىلا ، گەپنى بۇرملاپ ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەمما چىن ھەقىقەتكە دۇچ كەلگەندە ، ئالىملارغا خاس جەسۇرلۇق بىلەن كۆزقارشىنى ئېنىق ئوتتۇرغا قوياتتى . ئۇ « ئەمما سىزنىڭ ئىككىنچى سوئالىڭىزغا قارتا ، مېنىڭ جاۋابىم

شۇكى ، بۇ مەلۇماتلار (محمد عليه الصلوة والسلام)غا، جەزمەن ئاسماندىن ۋەھى قىلىنغان » دېدى . بىز ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل پەنگە ئائىت ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى قىلغاندىن كېيىن ،كۆزقارشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:– « سىز، بۇلارنى ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان مەلۇماتلارنى ، جۈملىدىن يەرشارىغا ۋە يەرشارىنىڭ پەيدا بولىشىغا ۋە باشقا ئىجتمائىي مەسىللىرىگە ئائىت مەلۇماتلارنى يىغىپ رەتلىسىڭىز ، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېتقاندا ، بۇ جەملەنگەن مەلۇماتلار ھەرتەرەپلىمە جەھەتتىن توغرا بولۇپ چىقىدۇ– دېيىش ئىمكانىيتى بار دەپ قارايمەن .ھەمدە بۇنىڭ توغۇرلۇقنى ھازىرقى زامانىۋىلاشقان يېڭى ئىلمىي سايمانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ . شۇڭا مەن ، قۇرئان كەرىم بولسا، كەڭ– كۆلەملىك ئىلمى خاكتېرگە ئىگە بۈيۈك كىتاپتۇرۋە قۇرئاندا ئوتتۇرغا قويۇلغان كۆپىنچە ئىلمىي مەسىللەرنى ئەمەلى ئىسپاتلاپ بېرىش ، شۇ زاماننىڭ ئۆزىدە مۇمكىن بولمايتى، ئەمما ھازىر زامانىۋىلاشقان يېڭى ئىلمىي سايمانلار بىلەن پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالام 1400 يىل بۇرۇن دەپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئەمەلى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولىدۇ–دەپ قارايمەن» دېدى.

الله قۇرئان كەرىمدە: (إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ. وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ) (صٓ:88) «قۇرئان كەرىم ھەقىقەتەن جىمى جاھان ئەھلىگە ۋەز–نەسىھەتتۇر ، ئۇ خەۋەر قىلغان مەلۇماتلارنىڭ راستلىقىنى پات–يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر» (س/ ساد: 87–88 ئا)دېگەن .

بىز يۇقۇردا پروفېسسور [كرونېر] بىلەن قىلغان ئىلمىي مۇنازىرىمىز ۋە پروفېسسورنىڭ دېگەنلىرى ، مەزكۇر ئايەتنىڭ ئىلمىي تەپسىرىدۇر... الله يەنە بىر ئايەتتە:(وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ) (سبأ:6)

« ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ..» [ س/ سەبە: 6– ئا]. دېگەن .

# 5– قسىم

## (تۆرەلمە باسقۇچلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك خاراكتېرلىنىشى)

الحمد لله رب العالمين ، ولاصلوة و السلام ، على سيدنا و نبينا محمد صلى الله عليه و على آله و صحبه أجمعين و بعد..

بۇ كىشى ، ئامېرىكىنىڭ پىلادېلفىيا شەھىرى، توماس جېفىرسۇن داشۆسىدىكى دانىيال ئىنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى ، ئاناتومىيە بۆلۈمىنىڭ رەئىسى [پروفېسسور مارشال] جونسۇن بولىدۇ.

بىز بۇ كىشى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئېچىلغان سەككىزىنچى نۆۋەتلىك تىببى يىغىندا ئۇچراشقان ئىدۇق .

بۇ يىغىندا قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر تېمىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە بىر بۆلۈم تەسىس قىلىنغان ئىدى . بىز بۇبۆلۈمدە پروفېسور[ مارشال جونسۇن ] بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشتۇق. پروفېسسور بۆلۈمگە يېتىپ كېلىپلا « بۆلۈمنىڭ ۋەزىپىسى نېمە ؟ » دەپ سورىدى . بىز« بۆلۈمنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئالغان ئىلمىي مەسىلىلەر بىلەن ، نۆۋەتتىكى ئىلىم–پەن بايقاپ چىققان ئىلمىي مەلۇماتلار ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» دەپ جاۋاپ بەردۇق . ئۇ « مەسىلەن نېمىگە ئوخشاش ؟ » دېدى . بىز« مەسىلەن ھازىرقى زامان تىبابەتچىلىك پېنى، تۆرەلمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلارنى بېسىپ ئوتىدىغانلىقنى تېپىپ چىقتى ، قۇرئان كەرىم بولسا، بۇنى 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ، مانا مۇشىنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر » دەپ جاۋاپ بەردۇق . پروفېسسور ئورنىدىن دەس تۇرۇپ « ياق.... ، ياق ...ياق...، مۇمكىن ئەمەس »–دەپ ئىختىيارسىز ۋاقىراپ كەتتى . بىز ،پروفېسسور ! ئولتۇرۇڭ .. ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ دېدۇق .

ئۇ « ئولتۇرمايمەن .. سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر..؟ »– دەپ ھەيرانلىق بولغان ۋە جىددىيلەشكەن ھالەتتە تەئەججۇپلىنىپ بىزگە قارىدى . بىز يۇقارقى سۆزنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىشىنى بىلەتتۇق ؛ چۈنكى ئۇ ئامېرىكىدىكى ئاتاغلىق ئالىملارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇن يەتتىنچى ئەسىردە ئىنسانلار مىكروسكوپنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن ، بارلىق تىببي خادىملار ( تۆرەلمە ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىدىن كامىل ئىنسان ھالىتى بىلەن ئايالنىڭ قوسىقىغا يۆتكىلىدۇ ) دەپ جەزىم قىلىشاتتى .( 8– رەسىمگە قاراڭ!) ، شۇزاماندىكى تىببي خادىملار « تۆرەلمە ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىدە كامىل ئىنسان ھالىتى بىلەن ئايالنىڭ قوسىقىغا يۆتكىلىدۇ»–دېگەن نەزەرىيىسىنى ئالغا سۈرۈش

ئۇچۇن (8–) رەسمنى سزىپ چققان .

تا– ئـون سـەككىزىنچى ئەسرگـىچىلىك تىببىي خـادىملار مۇشـۇخىل كۆزقاراشـتا بولغـان . ئـون سەككىزىنچى ئەسر دە ئانلىق تۇخۇم ھۆجەيرىسى تېپىلغاندىن كېيىن ، بارلىق ئالىملار « ئىنسان ئـەرنىڭ مەنىسـدە كامىل ئىنسان شەكلىدە ئايالىنىڭ بالياتقۇسىغا يۆتكىلىدۇ »– دېگەن كۆزقاراشلىرىنى ئۆزگـەرتىپ ، ئىنسـان ئـانلىق تۇخۇم ھۆجەيرىسـدەكامىل ئىنسـان شـەكلىدە ۋۇجۇدقا كىلىدۇ ، چۈنكى ئـانلىق تۇخـۇم ھۆجەيرىسـى ھـەجىم جەھەتتىن چوڭ دېيىشىپ ، ئون يەتتىنچى ئەسردە ، ئايـالنىڭ رولـنى بىكـار قىلسـا ئـون سـەككىزىنچى ئەسـردە ئەرنىڭ رولنى بىكار قىلدى .

پەقەت ئون توققىزىنچى ئەسرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندىلا ، ئالىملار ئىنسان ئايالنىڭ تۇخۇمدا يـاكى ئەرنىڭ مەنىسىدە كامىل ۋۇجۇدقا كەلمەستىن، بـەلكى باسـقۇچلارغا بۆلۈنـۈپ ۋۇجۇدقـا كېلـدىغانلىقنى تېپىـپ چىقتى . شۇڭا پروفېسسور [ مارشال جونسۇن] غا ،بـۇ قۇرئـان كەرىمـدە زىكـرى قىلىنغـان دېيىلسـە ، « يـاق.... ياق .... مۇمكىن ئەمەس » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

بىز ، ئۇنىڭغا قۇرئـاننى بېرىـپ « قېنـى ، بـۇ ئايەتلـەرنى ئـوقۇپ كـۆرۈڭ..! » دېـدۇق. ئـۇ:(مَا لَكُمْ لا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَاراً) (نوح:13)

«نېمـە ئۈچـۈن ﷲنـى ھـەقىقى رەۋىشـتە ئۇلۇغلىمايىسـلەر ..؟! ۋەھالـەنكى، ﷲ سـىلەرنى ئوخشـاشمىغان باسقۇچلاردا ياراتتى »– دېگـەن سـۈرە نـۇھنىڭ 13–14 – ئـايىتنى ،ئانـدىن سـۈرە زۇمـەرنىڭ :(يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقاً مِن بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ) « ﷲ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسـىقىدا ، قاراڭغـۇ ئـۈچ پـەردىنىڭ ئىچـىدە باسـقۇچمۇ – باسـقۇچ ، يـاراتتى » دېگـەن 6– ئـايىتنى ئـوقۇپ ، ئىنگـلىزچە تەرجىمىسـىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئاستا ئولتۇردى .

ئاندىن بىزگـە « بـۇ ئايەتلـەرنى ئـۈچ خىـل يـول بىلـەن ئىزاھلاشـقا بولـىدۇ ، بىـرىنچى(ﷴ) بۇئايـەتنى ( تاسـادىپىلىق ) دېگـەن بولۇشـى مـۇمكىن » دېـدى . بىـز ئۇنىڭغا « قۇرئانـدىن بـۇ تېمىغـا ئائىـت 25 تېكىسـىنى كۆرسەتتۇق ، ئاندىن« مۇشۇ تېكىسىلارنىڭ ھەممىسى ( تاسادىپى ) دېيىلىپ قالغانمۇ..؟!، ئـۇنىڭ ئۈستىگـە قۇرئـان كەرىم ھەربىر باسقۇچلارنى مەخسۇس ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ « مەنى »لىك باسقۇچ، ئۇنىڭـدىن كېيىنكىسـىنى « زۇلۇكىسمان » باسقۇچ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسنى « چاينالغان نەرسىگە ئوخشاش » باسقۇچ ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسنى « سۆڭـەك تـوقۇلمىلىرىنىڭ پېتىلىش » باسـقۇچ، ئۇنىڭـدىن كېيىنكىسـىنى « سۆڭـەككە ئـەت قـونۇش( مۇسـكۇل) » باسقۇچى دېگەنلەرگە ئوخشـاش ، بـۇ باسـقۇچلار نـىڭ ھـەربىرى ئالاھـدە ئاتـالغۇلار بىلـەن ئاتالـدى. بـۇلارنىڭ ھەممىسى ( تاسادىپىلىقمۇ..؟! » دېدۇق.

ئۇ « ياق » دەپ جاۋاپ بەردى. بىز ئۇنىڭغا « سىز يەنە نېمە دېمەكچى ؟ » دېـدۇق. ئـۇ « ئۇنـداقتا

(مۇھەممەد) نىڭ ناھايىتى زور مىكروسكوپى بولۇشى مۇمكىن » دېدى . بىز ئۇنىڭغا « سىز بولسىڭىز قۇرئان تىلغا ئالغان ۋە ئىلىم – پەن تېخى يېقىندىلا بايقىغان تۆرەلمىنىڭ بۇ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى ۋە باسقۇچلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ، يۇقىرى تېخنىكىلىق مىكروسكوپ تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنداق مىكروسكوپقا ئىگە كىشى، پەن- تېخنىك جەھەتتە يۈكسەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشدا ئىلىم – پەننىڭ ئەسىرى ئەكس ئېتىشى كېرەك ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۇ پەن- تېخنىكنى ئەجدادلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئەۋلادىرغا تەلىم بېرىشى كېرەك ، مانا مۇشنىڭ ھېچ بىرسىنى پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشلىك ھاياتىدا ئۇچۇرتالمايمىز » دېدۇق.

ئۇ ،بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ،كۈلۈپ « مەن بىرقېتىم كۆرگەزمەخانىدا ، دۇنيادا بىرىنچى قېتىم كەشىپ قىلىنغان مىكروسكوپنى كۆرگەن ئىدىم ،ئۇ مىكروسكوپ نەرسىلەرنى ئون ھەسسىمۇ چوڭايتىپ بېرەلمەيتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن شەيئىيلەرنى ئېنىقمۇ كۆرگىلى بولمايتى ، دېمەك پەيغەمبەر(مۇھەممەد) نىڭ مىكروسكوپى ياكى باشقا تېخنىك سايمانلىرى يوق ئىدى، شۇڭا بىزگە ، ئۇكىشنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دېيىشتىن باشقا يول يوق » دېدى . ئاندىن ئۇ ، قۇرئاندىكى ئىلمىي مۆجىزلەرگە ئائىت ئايەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ ، ئىزدىنىش تېمىسىنى، تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىغا مەركەزلەشتۈدى .

پروفېسوور [ كىسمور] ۋە باشقا پروفېسسورلار تۆرەلمىنىڭ تاشقى شەكلى توغرىسىدا ئىزلىنىۋاتقاندا ، پروفېسسور[ مارشال جونسۇن ] قۇرئان تۆرەلمىنىڭ تاشقى ھالىتىنى ۋە ئىچكى تۈزۈلۈشىنى ناھايىتى ئىنچىكە خاراكتېرلىگەنلىكى توغۇرلۇق ماقالە ئېلان قىلدى ، ئۇ ماقالىسىدە « قۇرئان تۆرەلمىنىڭ تاشقى شەكلىنىڭ باسقۇچلىرىنى ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۆۋەتتىكى ئالىملار يېقىندا تونۇپ يەتكەن تۆرەلمىدىكى ئاساسى ئۆزگۈرۈشلەرنى تەپسلى بايان قىلغاچ ، تۆرەلمىنىڭ پەيدىن- پەي يۈكسىلىش جەريانىدا ، ئىچىدە يۈزبېردىغان ئاساسلىق باسقۇچلارنى ئېنىق تەسۋىرلىگەن بەرگەن» دەپ يازغان ئىدى .

پروفېسسور[ مارشال جونسۇن ] تەتقىقات يۈرگۈزگەن تۆرەلمىنىڭ چاينالغان نەرسىگە ئوخشاش باسقۇچتىكى ھالىتى ، بىزگە تۆرەلمىنىڭ تاشقى كۆرنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ،(9- رەسىمگە قاراڭ!) تۆرەلمە بۇ باسقۇچتا گەردىش شەكىللىك بولۇپ ، ئاخىرقى قىسمىدا گويا بىراۋ چىشلەپ قويغانىدەك چىشىنىڭ ئەسىرى نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ، بىز تۆرەلمىنىڭ بۇچاغدىكى ئەزالىرىغا نەزەر سالساق ، ئىچكى ئەزالارنىڭ كوپىنچىسى يېتىلىپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز ( 10- رەسىمگە قاراڭ)، بۇ رەسىمدا بەزى ھۆجەيرىلەرنىڭ ئاساسى جەھەتتىن يېتىلىپ بولغانلىقىنى ، ۋە بەزى ھۆجەيرىلەرنىڭ تېخىچە يېتىلىپ بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز.

پروفېسسور[مارشال جونسۇن ] مۇنداق دەيدۇ :- « ناۋادا بىزتۆرەلمىنىڭ بۇ ھالىتىنى تەسۋىرلىمەكچى بولساق، نېمە دەپ تەسۋىرلەيمىز؟ ، ئەزالىرى يېتىلگەن تۆرەلمە دەپ تەسۋىرلەيمىزمۇ؟ بۇنداق دېسەك بۇ پەقەت تۆرەلمىنىڭ يېتىلگەن بەزى ئەزالىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ ، ئەگەر ئەزالىرى يېتىلمىگەن تۆرەلمە دەپ تەسۋىرلىسەك ، بۇ

پەقەت تۆرەلمىنىڭ يېتىلمىگەن ئەزالىرىغا ئۆيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا بىز تۆرەلمىنىڭ بۇ چاغدىكى ئىچكى شەكلىنى الله قۇرئان كەرىمدە:( ثُمَّ مِنْ مُضْغَةٍ مُخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ)(الحج: من الآية5) [ بىز ئىنسانىنى يېتىلگەن ۋە يېتىلمىگەن چاينىۋېتىلگەندەك پارچە گۆشتىن ياراتتۇق ]- دەپ تەسۋىرلىگەندەك تەسۋىرلىشىمىز كېرەك» .

ئاندىن پروفېسسور[ مارشال جونسۇن ]ئۆزى ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى:-« مەن بىر ئالىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېنىق كۆرگەن نەرسىلەر بىلەنلا مۇئامىلە قىلالايمەن ، تۆرەلمەشۇناسلىقنىڭ بىئولوگىلىك تەرەققىياتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيمەن ۋە شۇنداقلا مەن سىلەرگە مىسال قىلىپ ئۆتكۈنىمدەك ، ماڭا قۇرئاندىن تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلگەن سۆزلىكلەرنىڭ قانداق ئىلمىي ئۇقۇم بىردىغانلىقىنىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمەن ، پەيغەمبەر ( محمد)ئەلەيهىسسالامدىن ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ چۈشەنچىسىنى خاتالاشتۇردىغان بىرەر سەۋەپ ياكى بىرەر ئىلمىي ھەقىقەت بار دەپ ئويلىمايمەن. پەيغەمبەر (محمد) بۇ مەلۇماتلارنى چوقۇم مەلۇم بىر جايدىن تەلىم ئالغان.

شۇڭا ، بۇ مەلۇماتلارنىڭ پەيغەمبەر (مۇھەممەد )كە يەتكۈزۈلىشىدە بىر ئىلاھى كۈچىنىڭ قۇدرەت قولى بار دەيدىغان چۈشەنچە بىلەن زىتلىشىدىغان بىرەر سەۋەپ ياكى بىرەر ئىلمىي پاكىت يوق دەپ قارايمەن .»

پروفېسسور[مارشال جونسۇن ] بىلەن بولغان سۆھبەت ، بىز ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بەرگەن قۇرئانى ھەقىقەتنى ئېنكار قىلىشى بىلەن باشلىنىپ، ئاخىردا بىر نەچچە قېتىملىق يىغىنلاردىكى ئىلمىي خادىملارغا تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن،بۇ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغۇچى سۈپىتىدە ئۇتۇق سۆزلىشى بىلەن) ئاخىرلاشتى .

ئۇنىڭدىن ، نۆۋەتتىكى ئىلىم-پەن تېپىپ چىققان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ، قۇرئان كەرىم 1400 يىل ئىلگىرى دەپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئالغا سۈرگەنلىكى ھەققىدە ، كۆزقارشىنى ئوتتۇرغا قويۇش تەلەپ قىلىنىدى ، ئۇ ، دەرھاللا « شۇنداق.. ، قۇرئاندىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولسا ، ئىلاھى ۋەھىدىنلا ئىبارەتتۇر خالاس ، شۇنداق.... ، بارلىق ئىنسانىيەت ئالدىدا ، جىمى ئالەملەر الله پەيغەمبەر (مۇھەممەد ) كە ئىلاھى ئىلمىنى ئوز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاپنى ۋەھى قىلغانلىقىنى ۋە الله نىڭ ئىنسانلارغا ، ئۇلار ئىزدىنىش جەريانىدا قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد ) كە الله تەرىپىدىن ۋەھى قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تېپىپ چىقىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېتراپ قىلغاندەك ، ئېتراپ قىلىشتىن باشقا يول يوق »-دەپ جاۋاپ بەردى .

الله قۇرئاندا: (وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ) (ص:88) « قۇرئاندا ئالدىنئالا تىلغا ئېلىنغان خەۋەرلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىر زاماندىن كېيىن بىلىپ قالىسىلەر»( س/ساد:88 ئا) دېگەن. الله يەنە بىر ئايەتتە (لِكُلِّ نَبَأٍ مُسْتَقَرٌّ وَسَوْفَ تَعْلَمُونَ) (الأنعام:67) «الله تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان مۇئەييەن ۋاقتى بار ، بۇنى يات- ئارىدا بىلىپ قالىسىلەر»( س/ئەنئام:67ئا) دېگەن . يەنە بىر ئايەتتە: (سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ

شَيْءٍ شَهِيدٌ) (فصلت:53) « قۇرئانغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە ، تاكى قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاب ئىكەنلىكى ھەقىقى ئېنىق بولغىچىلىك ، ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىكى ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئاللامەتلەرنى كۆرسىتىمىز ، ئۇلارغا ، سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنىڭ پاكىتى بولۇشقا ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ....؟! » (س/فۇسسىلەت:53ئا)دېگەن. ۋە يەنە بىر ئايەتتە:[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6}

« ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە:6- ئا].

# 6- قسىم

## (قۇرئانى ھەقىقەت بىلەن ئىلىم-پەن كەشپىياتلىرىنىڭ بىردەك چىقىشى)

پروفېسسور [ يۇشىيۇدى كوزان] « مەن قۇرئاندا ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ تېپىلغانلىقى بىلەن ناھايىتى تەسىرلەندىم ... » .

ئابدۇلمەجىد زىندانى : « السلام عليكم و رحمة الله و بركاته،،

بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئەسلى تىلى بولغان ياپون تىلى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ ، بۇ كىشى ياپونىيەدىكى [توكيو رەسەتخا ] نىسىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور [يۇشىيۇدى كوزان ] بولىدۇ، بىز ئۇنىڭغا قۇرئاندىكى ، كائىناتلارنىڭ دەسلەپكى پەيدا بولىشىنى ۋە ئاسماننى ، ئاسمان – زېمىن ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىنى تەسۋىرلەيدىغان بەزى ئايەتلەرنىڭ تېكىستلىرىنى ئوقۇپ بەردۇق ، ئۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىزدىن قۇرئان توغرۇلۇق ۋە قۇرئاننىڭ قاچان يەريۈزىدە پەيدا بولغانلىقى توغرۇلۇق سورىدى ، بىز ئۇنىڭغا « قۇرئاننىڭ 1400 يىل بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى » دەپ بەرگەندىن كېيىن ، بىز ئۇنىڭدىن « قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى توختالغان بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق كۆقارىشىنى » سورىدۇق . ئۇ ھەربىر سوئالغا جاۋاپ بەرگىنىدە ، ئۇنىڭغا قۇرئاندىكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى بايان قىلغان تېكىستلارنى كۆرسۈتۈپ ئۆتتۇق.

ئۇئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ « ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان بولسا ، ئالەمدىكى كائىناتلارنى ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىدىكەن ، قۇرئان ئالدىدا بارلىق شەيئىلەر ئېنىق ئىكەن ، بۇ قۇرئاننى دېگەن زات بولسا ، ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇردىكەن ، ئۇنىڭغا ھىچ نەرسە مەخپىي ئەمەسكەن » دېدى . بىز ئۇنىڭدىن « ئاسمان جىسىملىرى ھازىرقى ھالىتىگە كېلىش ئالدىدا بېسىپ ئۆتكەن ئاستىروفىزىكىلىك ئۆتكۈنچ دەۋر ھەققىدە » سورىدۇق . ئۇ جاۋاپ بېرىپ « ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلى ئىس- تۇتەك بولۇپ ، بۇنى تەكىتلەيدىغان ماددى ئىسپاتلار ناھايىتمۇ كۆپ . ( 11–رەسىمگە قاراڭ) ھازىرقى پەيتە بۇنى كۆز بىلەن كۆرىشمۇ مۇمكىن ، ئالىملار ئالەم كېمىسى ئارقىلىق يېقىندا ئىرىشكەن بۇ رەسىمدا ، يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ئەمدىلا ئىس- تۇتەكتىن شەكىللىنىۋاتقانلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز ، ئەمدىلا زىچلىشىپ يورۇقلۇق چىقىرىشقا باشلىغان بۇ ئىس- تۇتەكنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىللىقتا قاراڭلار ، ئوتتۇرسىدىكى ماددىلار قىيتىشىپ نۇرنى ئەكىس ئەتتۇردىغان ماددىلارغا ئايلانغان بولۇپ ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋاللايمىزكى ، دېمەك بارلىق يۇلتۇزلار سىستېمىسى بىر زامانلاردا ئىس- تۇتەك

باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن ، دېمەك ئالەممۇ ئەسلىدە ئىس- تۈتەك ئىدى » دېدى.

بىز پروفېسسور [ يۇشىۇدى كوزان ] غا قۇرئاندىكى: (ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعاً أَوْ كَرْهاً قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ) (فصلت:11)

« ئاندىن اللہ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى ۋەھالەنكى ئاسمان بۇ چاغدا ، ئىس- تۈتەك هالىتىدە ئىدى » (س/ فۇسسىلەت: 11ئا) دېگەن ئايىتنى كۆرسەتتۇق.

بەزى ئالىملار ، ئاسماننىڭ ئەسلى تۇغۇرلۇق سۆزلەپ « ئاسمان ئەسلىدە تۇمان ئىدى » دەيدۇ. پروفېسسور [يۇشۇدى تۇزان ] بۇ ھەقتە توختۇلۇپ « ئاسمان ئەسلى تۇمان- دېگەن سۆز دەلمۇدەل توغرا ئەمەس ، توغرىسى قۇرئان تەسۋىرلىگەندەك [ ئىس-تۈتەك ] دەپ تەسۋىرلەش ناھايىتى توغرىدۇر ، چۈنكى ، تۇمان بولسا ، ئېنىرگىيەسىز ماددا بولۇپ ، كائىناتنىڭ ئەسلى بولغان ئىس- تۈتەك ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىسسىقلىق ئېنىرگىيەسى باربولغان ماددا ، دېمەك ئىس- تۈتەك بولسا ، قاتتىق ماددىلار چاپلاشقان تۇتۇق گازلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، مانا بۇ ئالەمنىڭ ئەسلى بولغان ئىس- تۈتەكنىڭ خارەكتېرىدۇر، دېمەك ئاسمان جىسىملىرى هازىرقى هالىتىگە تەرەققى قىلىشتىن ئىلگىرى ،قاتتىق ماددىلار چاپلاشقان تۇتۇق گازلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسسىقلىق ئېنىرگىيە تارقىتاتتى ، شۇڭا بۇنى "تۇمان " دەپ تەسۋىرلەش تازا توغرا ئەمەس ، بەلكى ئىس- تۈتەك دىيىش هەم توغرا ، هەم ئىنچىكە ئاتاشتۇر » دېدى ۋە كۆرسىتىلگەن ئايەتلەرنى بىر-بىرلەپ ئىزاهلاپ ئۆتتى .

ئاخىردا پروفېسسور[ كوزان ]غا « سىز ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن قۇرئاندىكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە قانداق قارايسىز ؟ ، ئىلىم- پەننىڭ كۈنسىرى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئالەمنىڭ سىرلىرى يېشىلمەكتە ، بۇ سىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ، مەيلى قۇرئاندا بولسۇن ، مەيلى ھەدىسلاردا بولسۇن 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز ، سىز قۇرئان كەرىمنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنسان دەپ قارامسىز ..؟ » دېدۇق . ئۇ جاۋاپ بېرىپ :- « بىزدىن ئىلگىرىكى ئاسترونوملار ئاسماندىكى كىچىكىنە بىر بۆلەكنى تەتقىق قىلاتتى ، بىزمۇ ئاشۇ بۆلەكنى چۈشۈنىپ يېتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى سەرىپ قىلدۇق ، بىز تېلىسكوپ ئارقىلىق ئاسماندىكى ئاساسلىق بۆلەكلەرنى كۆرەلەيمىز ، شۇڭا مەن قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يۇقۇرىدىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش بىلەن ،كېلەچەكتە كائىناتلارنى تەتقىق قىلىشتا ، يېڭى بىر ئىلمىي مېتودغا ئېرىشتىم دەپ قارايمەن » دېدى .

ئابدۇلمەجىد زىندانى « ئۇ ، قۇرئان كەرىم ئىنسانى مەنبەدىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، بىز ئالىملار تەتقىقات جەريانىدا ئاسمان جىسىملىرىنى چۈشۈنىشتە كۈچىمىزنى كىچىككىنە بىر بۆلەككە مەركەزلەشتۈرىمىز ، بىراق كىمكى قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇسا ، ئۇ كىشى كائىناتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماھىيىتىنى كۆرەلەيدۇ ، مەن كائىناتلارنى تەتقىق قىلىشتا ، يېڭى بىر ئىلمىي مېتودنى تونۇپ يەتتىم ، بىز كائىناتلارغا نەزەر سېلىشتا ، ھەم تار ، ھەم چەكلىك نوقتىدىن نەزەر سالماستىن ، بەلكى ھەر تەرەپلىمە ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر سېلىشىمىز كېرەك ئىكەن ، مەن

مۇشۇ مېتودنى تەتقىق قىلىنىدىغان قىلىمەن ، مەن قۇرئاندىكى كائىناتلارغا ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، كېلەچەكنى تونۇپ يەتتىم ، مەن تەتقىقاتىمنى ، الله نىڭ كىتابىدىن پايدىلانغىنىم بويىچە ھەر تەرەپلىمە ئۇمۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاۋاتىمەن » دېدى .

ئى الله ! سەن نېمە دېگەن بۈيۈك ..! مانا بۇ شەرىق ۋە غەرب ئالىملىرى 14 ئەسىردىن كېيىن ئىلىم – پەن تەرەققى قىلىپ ۋايىغا يەتكەن بۇ كۈنلەردە ، بۇ بۈيۈك قۇرئانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ باشلىرىنى ئېگىشمەكتە، مانابۇ بولسا ، پەيغەمبەر (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنىڭ دەلىل – ئىسپاتى ، مانابۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ، مۆجىزىسىدۇر . مانابۇ مۇسۇلمانلارنى ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارنى ۋە تا قىيامەتكىچىلىك كېلىدىغان ئەۋلادلارنى ، ئىلمىيلىكى بىلەن قانائەتلەندۇرىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر .

الله قۇرئاندا: (لَكِنِ اللّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنزَلَ إِلَيْكَ أَنزَلَهُ بِعِلْمِهِ)(النساء: من الآية166) « الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق ، سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى ئۆز ئىلمى– مەرىپىتى بىلەن نازىل قىلدى » دېگەن.(س/نىسا: 166–ئا).

دېمەككى قۇرئاندا الله نىڭ ئىلمى ، زۇلمەتلىك كېچىدىكى تولۇن ئايدەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ ، الله يەنە بىر ئايەتتە: (وَقُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ فَتَعْرِفُونَهَا وَمَا رَبُّكَ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ) (النمل:93) « ئى مۇھەممەد ! ، ئىنسانلارغا ، ئېيتقىنكى ، الله بارلىق ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق زاتتۇر، الله سىلەرگە قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ ۋەھيسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى يات–يېقىندا كۆرسىتىدۇ ، سىلەر ئۇ ئالامەتلەرنى تونۇيسىلەر ..» ( س/ نەمل: 93 ئا] دېگەن. الله ۋە يەنە بىر ئايەتتە [وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6}

« ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 7– قسىم

## (ئىسلام ۋە ئىلىم – پەن)

السلام عليكم ورحمة الله وبركاته،،

الحمد لله ، رب العالمين ، والصلوة و السلام على سيدنا محمد و على آله و صحبه أجمعين، و بعد...

غەرب ۋە شەرىق ئەللىرى خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ، دىن بىلەن ئىلىم – پەن ئوتتۇرسىدىكى ئىدېئولوگىيلىك كەسكىن سىنىپىي كۆرەش ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتماقتا، ھەرقانداق بىر غەربلىك زىيالىنىڭ ئىدىيىسىدە ، دىن بىلەن ئىلىم – پەن ئانتاگونىزملىق ئامىللار دەپ قارالغاچقا ، ئۇلارئوتتۇرسىدىكى مەلۇم ئورتاقلىقنى تۈپتىن ئىنكار قىلىناتتى ، بۇ نىڭ تۈپ سەۋەبى ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى تەۋراتتا ئېتىلىشىچە « ئادەم ئاتىمىز جەننەتتە يېيىش چەكلەنگەن دەرەخ بولسا ،[مەرىپەت دەرىخى..!] بولۇپ ، ئادەم ئاتىمىزئۇنى يېگەندىن كېيىن ، بىلىمى ئاشقان ئىمىش ، شۇڭا ياۋرۇپالىقلار ، مۇسۇلمانلار يۇرتىدىن كەلگەن " كوسمولوگىيە•"گە ئائىت ئىلىم–مەرىپەتنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە ئىككى ئەسىر بەس–مۇنازىرە قىلغان ئىدى . چۈنكى پوپلار ، ئىلىم–پەن ۋە مائارىپچىلىقنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىرىنچى خاتالىق– دەپ ھۆكۈم قىلاتتى ، پوپلار بۇ ھۆكۈمگە ، تەۋراتتىكى(ئادەم ئاتىمىز يېيىش چەكلەنگەن مەرىپەت دەرىخىنى يېگەندىن كېيىن ، تەڭرى ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىغان )دېگەن تېكىستلارنى دەلىل قىلغان ۋە شۇڭا ئىلىم–پەننى تەلتۆكۈس رەت قىلىش بىلەن بىرگە تۈپ ئاساسىدىن مۇسادىر قىلغان .

ئىلىم–پەن رەھبەرلىرى چىركاۋ ئۈستىدىن غەلبە قىلغاندىن كېيىن ، پوپلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دىننى تۈپ ئاساسىدىن مۇسادىر قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كەسكىن كۆرەش ئارقىلىق بۇمەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرغان ، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئىلىم–پەن ئەرباپلىرى چىركاۋ بىلەن بولغان جەڭدە غەلبە قىلىش يولىدا، بەزى مەسىلەرنى نېرى–بېرى قىلىشتا يىنىكلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان ، جۈملىدىن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بەزى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلغان .

شۇنداق قىلىپ ئىلىم–پەن ئەرباپلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە چىركاۋنى تار دائىر ئىچىدە پۇت–قولنى چۈشەپ قۇيۇش تاكتىكىسىدا غەلبە قازانغان . شۇڭا ھەرقانداق بىر غەربلىك كىشى بىلەن ئىلىم–پەن توغۇرلۇق سۆزلىشىپ ، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە دىندىن سۆز ئاچسىڭىز ، سىزگە تەئەججۈپ نەزىرى بىلەن قاراپ « نېمە دەۋاتىسىز..؟! »

دەيدۇ.  چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، سىز ئىككىدىن بىرنى تاللىشىڭىز كېرەك . ياكى ئىلىم–پەن ياكى دىن . بۇنىڭ سەۋەبى ئەپسۇسلىنارلىق بولۇپ ، ئۇلار ، ئىلىم – مەرىپەت تەراپدارلىرى تۇرۇقلۇق بىر مىلياردتىن كۆپ ئىنسان ئېتىقاد قىلىپ كىلىۋاتقان ئىسلام دىنى توغۇرلۇق ، سەلبى قاراشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمىگەنلىكتىن ۋە ئىسلامنىڭ ، ئىلىم– پەننى ، مائارىپنى ۋە ئالىملارنى قانداق ئىززەت–ئىكرام قىلغانلىقىنى ۋە ئالىملارنى پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدا « بىراللەدىن باشقا ئىلاھ يوق » دىگەنلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە گۇۋاھچى قىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىدى .

الله قۇرئاندا :(شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِماً بِالْقِسْطِ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ) (آل عمران:18) « الله مەخلۇقاتلىرىغا ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ جاكالىدى ، پەرىشتىلەر ۋە ئالىملار بۇنىڭغا گۇۋاھچى سۈپىتىدە گۇۋاھلىق بەردى » دىگەن . ۋە يەنە بىر ئايەتتە: (فَاعْلَمْ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ) (محمد:19) « شۇنى ئىلمى ئاساستا بىلىڭلاركى، الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر » ( س/ مۇھەممەد:19ئا)دىگەن .

شۇنىسى ئېنىقكى ، الله  ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ، پەرىشتىلەردىن ھۆرمەتلىك قىلىشتىكى تۈپ سەۋەپ ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم جەھەتتە ، پەرىشتىلەردىن يۇقىرى بولغانلىقىدىندۇر ، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن تەۋراتتىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىلەن بىزنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى تولۇپتىن ئوخشاشمايدۇ ، ئىلىم بولسا ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى، الله نىڭ دەرگاھىدا شان–شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن تۈپ سەۋەپ ئىكەنلىگىنى قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن قارار قىلغان .ئۇلارغا ، ئىسلام ۋە ئىلىم–پەن توغۇرلۇق سۆزلىسەڭ ، ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان پوزىتسىيەسى بىر تەرەپلىمە بولغاچقا ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم – پەنگە نىسبەتەن بولغان تونۇشى ، ئاشۇ دىنلار بىلەن ئوخشاش دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ.

بىراق ئاشۇنداقلار ، ئىسلام دىنىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزەتسە ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ماددىسى بولغان قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۇچۇرتۇش بىلەن ھەيران قالىدۇ.

مانا شۇلاردىن بىرى ، ئامېرىكىنىڭ  چىكاگۇ شەھرىدىكى ، نورىس ۋېستون داشۆسىدىكى گېنېكولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى  پروفېسسور [ جولى سىمسون ] بولىدۇ.بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرشۇپ ، بەزى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلارنى كۆرسەتتۇق، ئۇ دەسلەپتە سەل–پەل دىلغۇل بولۇپ ، بۇ تېكىسلارنىڭ ھەقىقەتەن قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ تېكىسلىرى ئىكەنلىگىنى ئېنىقلاپ باقماقچى بولدى ، تېكىستلارنى ئېنىقلاپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن ، تۆرەلمىنىڭ [مەنى ] لىك باسقۇچتا كۆرىلىدىغان ئىرسىيەتكە ئائىت ئايەتلەرگە دىقىتىنى مەركەزلەشتۈردى ، ئۇ قۇرئاننىڭ تۆرەلمىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ئىنچىكە  تەسۋىرلىگەنلىكىنى ۋە قۇرئان ئىنساننىڭ ئەركەك ۋە چىشى جىنسىي ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ھۈجەيرىدىن يارىلىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈردىغانلىقىنى ، ئاندىن قۇرئاننىڭ [ خروموسوما]• دا ،  ئىنساننىڭ ئىرسى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ

بىكىتىلىدىغانلىقىنى قانداق بەدئىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقايلى: كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. خروموسومادا توغۇلماقچى بولغان ئىنساننىڭ ئىرسى تەپسىلاتلىرى بولۇپ ، جۈملىدىن كۆزنىڭ رەڭگى ، تېرىنىڭ رەڭگى ، چاچنىڭ رەڭگى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ كۆپىنچە ئىرسى خۇسۇسىيەتلىرى بېكىتىلگەن بولىدۇ، دېمەك ئىنساننىڭ ئىرسى خۇسۇسىيەتلىرى مەنى باسقۇچىدىكى خروموسومادا بېكىتىلگەن بولىدۇ، بۇ شۇنى چۈشەندۈردىكى ، ئىنساننىڭ ئىرسى ئالاھىدىلىكى مەنىلىك باسقۇچتا بېكىتىلىپ بولىدۇ، ﷲ قۇرئان كەرىمدە:
"(قُتِلَ الْإِنسَانُ مَا أَكْفَرَهُ{17} مِنْ أَيِّ شَيْءٍ خَلَقَهُ{18} مِن نُّطْفَةٍ خَلَقَهُ فَقَدَّرَهُ{19} (عبس)

« كافىر ئىنسان ئۆلۈمگە لايىقتۇر ، ئۇ ئەجەپ كاپىربولىدى ..! ﷲ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى ؟ ، ﷲ ئۇنى مەنىنىڭ بىر قىسمىدىن ياراتتى ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىرسى پروگراممىسىنى پىلانلاشتۇردى» ( س/ ئەبەسە: 17–19 ئا.) دېگەن. دەسلەپكى قىرىق كۈن ئىچىدە تۆرەلمىنىڭ ئاسالىق ئورگانلىرى شەكىلىنىپ ئارقىمۇ – ئارقىدىن نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ ، بۇچاغدا تۆرەلمە گەردىش شەكىلدە بولىدۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "إِنَّ أَحَدَكُمْ يُجْمَعُ خَلْقُهُ فِي بَطْنِ أُمِّهِ أَرْبَعِينَ يَوْمًا.." « ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى دەسلەپكى قىرىق كۈن ئىچىدە ، بارلىق ئەزايىڭلار شەكىلىنىپ بولىدۇ »( بۇخارى ) دېگەن .

پروفېسسور [جۇلى سىمسۇن] بۇ ھەدىسنى ۋە" إِذَا مَرَّ بِالنُّطْفَةِ ثِنْتَانِ وَأَرْبَعُونَ لَيْلَةً بَعَثَ اللَّهُ إِلَيْهَا مَلَكًا فَصَوَّرَهَا " « مەنىگە قىرق ئىككى كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ، ﷲ بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ، ئۇ پەرىشتە ئۇمەنىنى ئورگانلارغا شەكىللەندۇردۇ » دېگەن ھەدىسنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بۇ ئىككى ھەدىس ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى سېلىشتۇردى ۋە مەنىنىڭ ھەم ئىنچىكە ، ھەم تەپسىلى تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ، بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ، بۇ توغۇرلۇق كۆزقارشىنى ئوتتۇرغا قويۇپ:- « مۇشۇ ئىككى ھەدىستىن ، دەسلەپكى قىرىق كۈن جەريانىدا تۆرەلمىدە ئاساسلىق يۈزبېرىدىغان باسقۇچلارھەققىدە مۇئەييەن بىر جەدۋەلنى يەكۈنلەپ چىقىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ ، بۇ نوقتا بولسا ، بۈگۈن ئەتگەن باشقا ئالىملار تەرىپىدىن تەكىتلىنىپ ئوتتۇلدى ، بۇ ھەدىس شېرىپلارنىڭ بۇ تېمىدىكى بارلىق ئىلمىي چۈشەنچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بار ، شۇڭا مۇشۇ ئىككى ھەدىسلار ، ئىلاھى ئىلىملارنى ئەكس ئەتتۇردىغان باشقا ھەدىسلارنى پائال دەرجىدە كۈچلاندۇردى » دېدى .

ئابدۇلمەجىد زىندانى« پروفېسسور ئىسلام دىنى ، ئىلىم – پەننى موۋەپپىقىيەتلىك گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن »– دېدى.

ياۋروپالىقلار ئىدىيىسىدە ، دىن بىلەن ئىلىم – پەن ئانتاگونىزملىق ئامىللار دەپ قارالسا ، ئامېرىكىلىق بۇ پروفېسسور ئىلمىي سەھنىدە :- « ئىسلام دىنى ، ئىلىم – پەننى موۋەپپىقىيەتلىك گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن » دەپ جاكارلىدى ، شۇنداق...، ناۋادا سەن ، بىرەر زاۋۇتقا كىرسەڭ ، قۇلۇڭدا زاۋۇتنىڭ لايىھەسى

بولسا، زاۋۇت بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭ ئاسانلا بولىدۇ ، چۈنكى سەندە ئىژىنېرنىڭ زاۋۇتنى لايىھىلىگەن لايىھىسى بار، ئەمما زاۋۇتقا ھېچ نەرسىنى بىلمەي كىرگەن كىشى زاۋۇت بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى تەس بولىدۇ ئەلۋەتتە . پروفېسسور [ جولى سىمسۇن] نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى مۇسۇلمان ئالىملىرىغا بېغىشلايمىز .

پروفېسسور [ جولى سىمسۇن] « يۇقارقىلارغا ئاساسەن ، مەن ئىلىم – پەن بىلەن ۋەھىي ئوتتۇرىسىدا ئىلمىي توقۇنۇش مەۋجۇد ئەمەس. بەلكى ۋەھىي ئۆزۋاقتىدا تونۇلغان ئەنئەنىۋى ئىلمىي كەشپىياتنىڭ ئىستىلىنى ئالغا سورۇش رولىنى ئوينايدۇ– دەپ قارايمەن ، بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ، قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ، مانابۇ قۇرئان كەرىمنىڭ اللهنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ » .

ئابدۇلمەجىد زىندانى « شۇنداق ...، مەڭگۈ شۇنى تەكىتلەيمەنكى ، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلىم – پەننى گۈلەندۈرۈش ۋە ئىلىم – پەننىڭ تېگىشلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، الله غا بولغان ئىمانىغا، (محمد)ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ماددى پاكىت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ، الله قۇرئاندا : (سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ) (فصلت:53)

« قۇرئانغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە، تا قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكى ھەقىقى ئېنىق بولغىچىلىك ، ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدلىرىدىكى ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئاللامەتلەرنى كۆرسىتىمىز ، ئۇلارغا سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنىڭ پاكىتى بولۇشىقا ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ....؟! » (س/فۇسسىلەت:53ئا)دېگەن. ۋە يەنە بىر ئايەتتە"[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6}

« ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 8– قسىم

## (قۇرئاندىكى ئوكيانشۇناسلىق ئىلمىگە ئائىت ئايەتلەرگە قىسقىچە نەزەر)

الحمد لله رب العالمين ، وأصلي ، وأسلم على سيدنا محمد وعلى آله و صحبه أجمعين ،وبعد......

بۇ ئادەم پروفېسسور [ ها ي ] بولىدۇ. ئۇكىشى بىزگە ، بىزنىڭ تەتقىقات ئوبېكتى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرگە ئائىت ، بەزى دېڭىز سۇلىرىنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ، بىرگە دېڭىز ساياھىتىگە چىقتۇق . پروفېسسور [ ها ي] بولسا،ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئوكيانشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى . بىز ئۇنىڭدىن دېڭىز يۈزىدە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلار ، بۇ خىل ھادىسىلارنىڭ چۇڭقۇر دېڭىز بىلەن تېيىز دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك–چېگرا (فرونت) ،دېڭىز ئاستى ۋە ئوكيان گېئولوگىسى ، ئاندىن فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك تەركىبى ئوخشاشمىغان دېڭىزلار، ئوتتۇرىسىدىكى سۇ توسما( فرونت• ) ۋە دېڭىز بىلەن دەريا سۈيى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ توسما (فرونت)، قاتارلىقلارغائائىت ، خېلى كۆپ سوئاللارنى سورىدۇق ، ئۇ بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا ئەستايىدىللىق بىلەن تەپسىلى جاۋاپ بېرەتتى ، بىز دېڭىزلارئوتتۇرسىدىكى (فرونتلار) ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ، ئۇ بىزگە ، تۇزلۇق دېڭىزلارنىڭ ھەممىسى كۆزگە كۆرگەندەك بىرلا دېڭىز بولماستىن ، بەلكى ئۇلاردىكى ئىسسىقلىق دەرىجىسى ، تۇز نىسبىتى ، قويۇقلۇق نىسبىتى ۋە ئوكسگېنىنىڭ ئېرىش نىسبىتى بىر–بىرى بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ( 12– رەسىمگە قاراڭ) .

بىز رەسىمدا تەركىبى ئوخشاشمىغان دېڭىزلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇساقنى (فرونتنى) ئىپادىلەيدىغان ئاق سىزىقنى كۆرىمىز، ھەربىر تۇساق ، ئىسسىقلىق دەرجىسى ، تۇز نىسبىتى ، قويۇقلۇق نىسبىتى ، ئورگانىزىملارنىڭ ياشاش نىسبىتى، ئوكسگېنىنىڭ ئېرىش نىسبىتى ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى دېڭىز ئوتتۇرسىنى ئايرىپ تورىدۇ، بۇ رەسىم مۇشۇ شەكىلدە ، ئالىملار دېڭىزنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن 1942 يىلى دېڭىز – ئوكيانلاردا نەچچە يۈزلىگەن چارلاش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن بايقالغان ، بۇ رەسىمدا تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرسىدىكى فرونت ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن ،رەسىمنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ئۈچ بۇلۇڭلۇق كۆرىنىش بولسا ، جەبەلتارىقنىڭ تۆۋەن تەرەپتىن باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ رايون جەبەلتارىق بولىدۇ، بىز ئۇنىڭدا چەك–چېگرانى( فرونتنى) كۆرىمىز ، بۇ ئوخشاش بولمىغان ئىككى دېڭىز ئوتتۇرسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى چېگرا ( فرونت) بولسا ، رەڭلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، بۇنى ئادەتتىكى كۆز

بىلەن كۆرگىلى بولمىسمۇ، بىراق بۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ قالدى ، سۇنئىي ھەمرانىڭ كۇنسېرى تەرەققى قىلىپ، چارلاش قۇدرىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئوخشاشمىغان دېڭىز رايونلىرىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۇ تۇساقلارنى( فرونتلارنى) سورەتكە ئېلىشقا قادىر بولالىدى، مانا بۇ سۇنئىي ھەمرا ئارقىلىق ئىسسىقلىق دەرجىسى ئوخشاشماسلىق ئاساسىدا تارتىلغان بۇرەسىمدا( 13–رەسىمگە قاراڭ.) ، دېڭىزلار ، خىلمۇ–خىل رەڭلەر بىلەن كۆرىنىدۇ، بەزى رايون بىز كۆرۋاتقاندەك ، ئوچۇق كۆكۈش ، بەزى رايون قارا كۆكۈش ، بەزى رايون قارا ۋە بەزى رايون تۇتۇق يېشىل كۆرىنىدۇ. بۇ رەڭلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىكى سەۋەپ ، دېڭىز يۈزىدىكى ئىسسىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا ، بىراق سىز دېڭىز يۈزگە نەزەر سالسىڭىز بۇنى كۆرەلمەيسىز ، بارلىق دېڭىز – ئوكيانلارغا نەزەر سالسىڭىزمۇ كۆكۈش سۇدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمەيسىز ، دېڭىزدىكى سۇ توساقلارنى (فرونتلارنى) پەقەت ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ۋە زامانىۋى ئىلغار سايمان ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدۇ ، تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇ مەسىلگە ئائىت ، قۇرئاندىكى: (مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ) (الرحمن:19)

«ئىككى دېڭىز بىر–بىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئۆزئارا ئارلىشىپ كېتىدۇ ، بۇمەزكۇر ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسدا توساق بولۇپ، بىرى يەنە بىرگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ » ( س/ ئەرراھمان: 19–20 ئا.)دېگەن ئايەتنى ئىزاھلاشتا ئىككى خىل مېتودنى ياكى ئوخشاشمىغان ئىككى تۆرلۈك كۆزقاراش ئۇسۇلنى قوللناتتى،كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلار «مَرَجَ» دېگەن سۆز ئەرەب تىلدا« ئارلاشماق» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ(مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ) (الرحمن:19) دېگەنلىك « ئىككى دېڭىز بىر–بىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئۆزئارا ئارلىشىپ كېتىدۇ (مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ) دېگەنلىك« بۇمەزكۇر ئىككى دېڭىز ئوتتورىسدا توساق( فرونت) بولۇپ، بىرى يەنە بىرگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ) دېگەنلىك بولىدۇ دېسە ، ئىككىنچى كۆزقاراشتىكى ئاز ساندىكى تەپسىرشۇناسلار ، ئىككى دېڭىز ئوتتۇرسدا توساق بولۇپ ، بىرى يەنە بىرگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ دېسەك ،ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئىككى دېڭىزنىڭ بىرى يەنە بىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئارلىشىپ كېتىدۇ.. ؟! ئىككى دېڭىز ئوتتۇرسدا توساق بار دېگەنلىك ، بىر–بىرى بىلەن ئارلىشىپ كەتمەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ . ئونداق بولغان ئىكەن ، ئىككى دېڭىز بىر–بىرگە ئارلىشىپ كەتمەيدۇ دەپ ئەرەب تىلدا [ ئارلاشماق] ،[ ئۆزئارا قېتلىپ كەتمەك] دېگەن مەننى بىلدۈرىدىغان [ مرج] دېگەن سۆزگە باشقا بىرمەنە ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان ، بىراق كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ [مرج] دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بۇرملغانلىقنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. مانا ئەمدى ، نۆۋەتتىكى ئىلىم–پەننىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ سىرلارمۇ يېشىلدى. شۇنداق ... بىز كۆرگىنمىزدەك، دېڭىز سۇلىرى بىر–بىرى بىلەن ئارلىشىدۇ ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ سۇيى ، ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېقىپ كىرىدۇ ، شۇنداقلا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سۇيىمۇ ئوتتۇرا دېڭىزغا ئېقىپ كىرىدۇ، بۇ ئىككى دېڭىزنىڭ سۇيى ئۇچۇرشىدىغان نۇقتىسىدا ، ئەگمەچ شەكلدە سۇدىن توساق بولىدۇ. بۇ توساقنىڭ دائىرسىدە ، ئىككى دېڭىزنىڭ سۇيى بىر–بىرى بىلەن

ئارلىشىدۇ ، بىراق ئېقىپ كىرگەن سۇ بۇ توساقتا ئۆزىنىڭ تەركىبى خۇسۇسىيتى يوقۇتۇپ، ئۆزى قېتىلماقچى بولغان دېڭىز سۈيى بىلەن ئاسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىدۇ، ئوتتۇرا دېڭىزسۈيى ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېقىپ كىرمەكچى بولسا ، مەزكۇر توساقتا ئاتلانتىك ئوكيان سۈيىنىڭ تەركىبى خۇسۇسىيتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ، ناۋادا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سۈيى ئوتتۇرا دېڭىزغا ئېقىپ كىرمەكچى بولسا، يەنلا مەزكۇر توساقتا تەدىرجى ئوتتۇرا دېڭىز سۈيىنىڭ تەركىبى خۇسۇسىيتنى ئۆزگە ئۆزلەشتۈرۈپ ئاسىمىلياتسىيەلىشىدۇ. بۇ بىرى يەنە بىرگە تاجاۋۇز قىلمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. قېنى دوستۇم ياخشى ئويلا..! يېڭى كەشىپياتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ مەدىنىيەت سەۋيىسى ئارتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىگى كۈنسىرى روشەنلىشىدۇ، بىز پروفېسسور[ هاي] بىلەن بۇتۇغۇرلۇق ۋە بۇنىڭغا ئائىت قۇرئان ئايەتلىرى تۇغۇرلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن ، ئاخىردا ئۇنىڭدىن ، بىزنىڭ تېمىمىزغا ئائىت قۇرئان ئايەتلىرى توغۇرلۇق سوراپ ، قۇرئاندىكى 1400 يىل بۇرۇن نازىل بولۇپ ، شۇزامانىنىڭ ئۆزىدىكى ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ، كائىناتلارنىڭ ھەم ئىنچىكە ، ھەم مۇرەككەپ ماھىيتنى ئاددى قىلىپ ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگەن بۇتېكىستلار توغۇرلۇق كۆزقارىشىڭىز قانداق؟ ، نۆۋەتتە ئىلىم-پەن بولسا ، بۇنى تېخمۇ تەكىتلەپ ئالغا سۈرمەكتە ، قېنى بۇ توغۇرلۇق قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ ؟، دېدۇق.ئۇ قارشىنى ئوتتۇرغا قويۇپ:- « بۇ خىلدىكى مەلۇماتلارنىڭ قۇرئاندا بولىشى ئادەمنى ناھايتى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەمدە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، ھازىرچە بۇ مەلۇماتلارنىڭ ( مۇھەممەد) كە نەدىن كەلگەنلىكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مېتودى مەندە يوق. بىراق مېنىڭ قارشىمچە بۇ خىلدىكى مەلۇماتلارنىڭ قۇرئاندا بولۇشى ھەققەتەن ھەيران قالارلىق ئىش . بەزى ئابزاسلارنىڭ مەزمۇننى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆزلىكسىز تىرىشچانلىق كۆرستىلىۋاتىدۇ » دېدى. تەرجىمان« ئۇنداقتا قۇرئاندىكى بۇ ئىلمىي مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى ئىنسان ئىكەنلىگىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلدىكەنسىز . ئۇنداق بولغاندا سىزنىڭ قارشىڭىزچە بۇ مەلۇماتلار پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا نەدىن كەلگەن؟» دېدى.

ئۇ جاۋاپ بېرىپ:- « مېنىڭ قارشىمچە ، بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى الله بولۇشى كېرەك» دېدى .

تامامەن شۇنداق...قۇرئاندىكى بۇ مەلۇماتلار،الله پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكنى ئالغا سۈرگەن ئىلاھى ئىلمىدۇر، پەيغەمبەر (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالام"مَا مِنْ الْأَنْبِيَاءِ نَبِيٌّ إِلَّا أُعْطِيَ مَا مِثْلهُ آمَنَ عَلَيْهِ الْبَشَرُ وَإِنَّمَا كَانَ الَّذِي أُوتِيتُ وَحْيًا أَوْحَاهُ اللَّهُ إِلَيَّ فَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَكْثَرَهُمْ تَابِعًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ"« بارلىق پەيغەمبەرلەر، بەزى مۆجىزىلەر بىلەن قورانلاندۇرۇلدى ۋە شۇنىڭغا يارشاكىشلەر ئىمان كەلتۈردى ، ئەمما ماڭا بېرىلگىنى بولسا ، الله ماڭا ۋەھى قىلغان ۋەھىدۇر ، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىمەن » ( بۇخارى) دېگەن . قۇرئان بولسا، مۆجىزىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئىلاھى ۋەھىدۇر . ئۇنىڭدا تا قىيامەتكىچىلىك ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەڭگۇ تۈگىمەس- پۈتمەس

مۆجىزىلەر باردۇر.

ﷲ قۇرئاندا: "[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6}

« ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك ﷲ نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 9– قسىم

(پاھىشۋازلىقنىڭ ئەۋجى ئېلىشى بىلەن ۋابا كېسەللىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى)

پروفېسسور [ بەرسود] « مەن ئىلاھى ئىلھام ياكى ۋەھى ئىلمىي خارەكتېرلىك باياناتلارنى ئوتتۇرغا قويۇشقا تورۇتكە بولغان دېگەنلىككە ، ئىدىيەمدە قوشۇلۇشتا ، ھىچ بىرقىيىنچىلىققا دۇچ كەلمىدىم...

بۇ كىشى بولسا ، كانادا مېنوتوبا شەھرىدىكى تىببىي فاكۇلتېتى ، ئاناتومىيە بۆلۈمىنىڭ رەئىسى پروفېسسور[ فان بەرسۇد ] بولىدۇ. بىز پروفېسسور [ كىسمور] دىن بۇ كىشى توغۇرلۇق سورىغىنىمىزدا ، ئۇ بىزگە « بەزى ھۆر ئالىملار باركى ، ئۇلارنىڭ بىردىن– بىر مەقسىتى ھەققەتنى ئىزدەشتۇر. مانا بۇلارنىڭ بىرى پروفېسسور[ فان بەرسۇد ] تۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى .ئۇ پروفېسسور [گىنېكولوگىيە] ساھەسىدە بىر نەچچە مەشھۇر كىتاپنىڭ مۇئەللىپ ئىدى . كېيىن ئۇقۇرئان ۋە ھەدىستا كەلگەن بەزى مۇناسىۋەتلىك تېكىستلارنى ئاشۇ كىتاپلىرىغا كىرگۈزدى ۋە مۇشۇ ئايەت ۋە ھەدىسلارنى كىتاپلىردا ئەسكەرتىپ ئۆتتى .ئۇ بىر نەچچە قېتىملىق ئىلمىي يىغىنلاردا بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ئىدى ، جۈملىدىن بۇ ماقالىلەرنىڭ بىرى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە :" إذَا مَرَّ بِالنُّطْفَةِ ثِنْتَان وَأرْبَعُون لَيْلَة بَعَثَ اللَّهُ إلَيْهَا مَلَكًا فَصَوَّرَهَا وَخَلَقَ سَمْعَهَا وَبَصَرَهَا وَجِلْدَهَا وَلَحْمَهَا وَعِظَامَهَا ثُمَّ قَالَ يَا رَبِّ أذَكَرٌ أمْ أُنْثَى فَيَقْضِي رَبُّكَ مَا شَاءَ" باليىاتقۇدىكى مەنىگە 42 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، الله بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ، ئۇ پەرىشتە ئۇمەننى ئادەم شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئاڭلاش ، كۆرۈش ئورگانلىرىنى ۋە تېرە ، ئەت (مۇسكۇل) ۋە سۆڭەكلىرىنى يارتىدۇ، ئاندىن ئى الله ..! ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ؟ دەپ سورايدۇ، الله خاھىشى بۇيىچە ھۆكۈم قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسى توغۇرلۇق ئىدى.

بۇ سۈرەتكە دىققەت بىلەن قارايلى ( 14– رەسىمگە قاراڭ..! ) بۇ تۆرەلمىنىڭ 35 كۈنلۈك بولغان ۋاقتىدىكى سۈرىتى، بۇ سۈرەتتە ئىنسان شەكلىنى ئاساننلىقچە پەرىق ئەتكىلى بولمايدۇ ، ئەمما بىزكۆرۋاتقان بۇسۈرەت بولسا ، پروفېسسور[ فان بەرسۇد ] نىڭ دىيىشىچە تۆرەلمىنىڭ تولۇق 42 كۈنلۈك بولغان ۋاقتى بولۇپ ، بۇنىڭدا ئىنساننىڭ شەكلى ئېنىق ئەمەس . بۇ [سىبا]شىركىتى تەييارلىغان ئېنقلىما رەسىمنى كۆرەيلى ، بۇ شىركەت تولۇق 42 كۈنلۈك بولغان تۆرەلمىنىڭ بۇ سۈرىتىنى دۇنيادىكى تىببى خادىملارغا تەقدىم قىلغان ، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە كېيىن، يەنى 42 كۈن ئۆتۈپ يەتتىنچى ھەپتىسى تۆرەلمىنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"إذَا مَرَّ بِالنُّطْفَةِ ثِنْتَان وَأرْبَعُونَ لَيْلَة بَعَثَ اللَّهُ إلَيْهَا مَلَكًا فَصَوَّرَهَا وَخَلَقَ سَمْعَهَا وَبَصَرَهَا وَجِلْدَهَا وَلَحْمَهَا وَعِظَامَهَا ثُمَّ قَالَ يَا رَبِّ أذَكَرٌ أمْ أُنْثَى فَيَقْضِي رَبُّكَ مَا شَاءَ" «باليىاتقۇدىكى

مەنگە 42 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ﷲ بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ، ئۇ پەرىشتە ، ئۇمەننى ئادەم شەكلىگە كىرگۈزۈپ ، ئاڭلاش ، كۆرۈش ئورگانلىرىنى ۋە تېرە ، ئەت ۋە سۆڭەكلىرىنى يارىتىدۇ ئاندىن ، ئى ﷲ ..! ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ﷲ خاھىشى بۇيىچە ھۆكۈم قىلىدۇ » دېگەن

بىز يۇقارقى سۆرەتتىن ،بۇ ھەدىسنىڭ قانچىلىك ئىلمى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆرۋالالايمىز.

پروفېسسور [ فان بەرسود] قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ ، نۆۋەتتىكى ئىلىم–پەن بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسى توغۇرلۇق كۆپلىگەن ماقاللەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ ، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ، ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رەۋايەت قىلغان:"لَمْ تَظْهَرْ الْفَاحِشَةُ فِي قَوْمٍ قَطُّ حَتَّى يُعْلِنُوا بِهَا إِلَّا فَشَا فِيهِمْ الطَّاعُونُ وَالْأَوْجَاعُ الَّتِي لَمْ تَكُنْ مَضَتْ فِي أَسْلَافِهِمْ"«ھەرقانداق بىر مىللەتتە پاھىشۋازلىق ئەۋج ئېلىپ ، ئاشكارا ئارىسىدا جار سېلىنىدىكەن ، ئاشۇ مىللەت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدا كۆرۈلمەپ باقمىغان ۋابا ۋە ھەرخىل راك كېسەللىكلىرى تارىلىدۇ » دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى توغۇرلۇق ئىدى ، پروفېسسور[ فان بەرسود] بۇ ماقالىسىنىڭ بىر قىسمىنى بىزگە ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:– « بالياتقۇ ئېغىزدىكى ھەرخىل غەيرى تەبى كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ، ئايالللارنىڭ ئۆمرىگە ، جىنسى مۇناسىۋەت ۋە تۇغۇت قېتىم سانىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگى ، خەلقئارادا ئېتراپ قىلىندى ، ۋابا كېسەللىكلىرى ئىلمى شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى ، ھەرخىل كىشلەر بىلەن قانۇنسىز جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ۋابا كېسىلى بىلەن يۇقۇملۇنۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقۇرى بولغان ، مانا بۇ قانۇنسىز ۋە قالايمىقان جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋەھىمىلىك يامان ئاقىۋىتىنى پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالام 1400 يۇرۇن ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن ، دېمەك پەيغەمبەر(مۇھەممەد ) ئۆز زامانىسىدا بولۇپ باقمىغان نۆۋەتتىكى ئېيدىس كېسىلىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن–دىسەم خاتالاشمايمەنغۇ دەيمەن. [ھەرقانداق بىر مىللەتتە پاھىشۋازلىق ئەۋج ئېلىپ ئاشكارا ئارىسىدا جار سېلىنىدىكەن ، ئاشۇ مىللەت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدا كۆرۈلمەپ باقمىغان ۋابا ۋە ھەرخىل راك كېسەللىكلىرى تارىلىدۇ... خىيانەتكارانە پاھىشىۋازلىق ، قانۇنسىز پاھىشىۋازلىق ، نۆۋەتتە بىز داۋالاپ ساقايتىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغان [ ھېربىز] ۋە[ ئېيدىس ] يېڭى كېسەللەرنىڭ تىپىك مىسالى بۇلالايدۇ » .

ئابدۇلمەجىد زىندانى :"لَمْ تَظْهَرْ الْفَاحِشَةُ فِي قَوْمٍ قَطُّ حَتَّى يُعْلِنُوا بِهَا إِلَّا فَشَا فِيهِمْ الطَّاعُونُ وَالْأَوْجَاعُ الَّتِي لَمْ تَكُنْ مَضَتْ فِي أَسْلَافِهِمْ " « ھەرقانداق بىر مىللەتتە پاھىشۋازلىق ئەۋج ئېلىپ ئاشكارا ئارىسىدا جار سېلىنىدىكەن ، ئاشۇ مىللەت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدا كۆرۈلمەپ باقمىغان ۋابا ۋە ھەرخىل راك كېسەللىكلىرى تارىلىدۇ » دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئىلمى قىممىتىگە ياخشى دىققەت قىلىڭلار ، ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپا ئەللىرى، خىلمۇ–خىل زىناخۇرلۇق ۋە پاھىشەۋازلىقنى ئاددى بىر ئىش سۈپىتىدە ئاشكارا جارسېلىپ بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ، يەر شارىدىكى مەۋجۇدلىقىغا تەھدىد سالىدىغان ئېيدىس ۋە شۇ خىلدىكى ھەرخىل قاتىل

خارەكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا ياشىماقتا « ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ، ۋابا ۋە ھەرخىل راك كېسەللىكلىرى تارىلىدۇ » دېگەن بۇ ھەدىس ياۋرۇپا ئەللىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلمى قىممىتىنى ئىسپاتلىدى، پروفېسسور « فان بەرسود » نىڭ بۇ ھەقتە قۇشقان توھپىسىگە كۆپ تەشەككۇر ئېتىمىز، پرفېسسور [ فان بەرسۇد] تىن، ئۆزى ماقالەتەيارلاشقا قاتناشقا ۋە ئۆزى تەپسىلى تونۇشۇپ چىققان بۇ مەسىلە توغۇرلۇق كۆزقارشى سورىلۋىدى ، ئۇ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:- « ماڭا دەپ بېرىلىشىچە ، پەيغەمبەر( محمد ئەلەيھسسالام ئاددى-ساددا شەخس بولۇپ ، ئوقۇش-يېزىش بىلەن شۇغۇللانماپتىكەن ، بەلكى ساۋاتسىز ئىكەندۇق ، بىز بۇ ئاددى كىشى ھەققىدە سوزلىشىۋاتقىنىمىزدا ، ساۋاتسىز بۇ كىشى ، 1400 يىل بۇرۇن ، ھەيران قالارلىق ، دەرىجىدە ، ھەم ئىنچىكە ، ھەم چوڭقۇر ئىلمى خارەكتېرلىك باياناتلارنى بايان قىلغان ، مەن ئۆزەم شەخسەن ، بۇ بىر تاسادىپىلىق دەپ قارمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە مەسىلەر بار، دوكتۇر [ كىسمور]غا ئوخشاش .مەن ئىلاھى ئىلھام ياكى ۋەھى ،بۇ ئىلمى خارەكتېرلىك باياناتلارنى ئوتتۇرغا قويۇشقا تۇرۇتكە بولغان دېگەنلىككە ، ئىدىيەمدە قۇشۇلۇشتا ھېچ بىر، قىيىنچىلىقا دۇچ كەلمىدىم ...»

ئابدۇلمەجىد زىندانى « مانابۇ پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھسسالامغا الله تەرپىدىن كەلگەن ۋەھىدۇر ۋە شۇنداقلا ئىلاھى ئىلمىدۇر، الله قۇرئاندا:(لَكِنِ اللَّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنْزَلَ إِلَيْكَ أَنْزَلَهُ بِعِلْمِهِ )(النساء: من الآية166) « الله ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله بۇ قۇرئاننى ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى» ( س/ نىسا: 166 ئا.) دېگەن . قۇرئان بولسا بارلىق ئىنسانىيەتنى بارلىق ساھەدە ئالغا يېتەكلىگۈچى ، ھىدايەت ۋە مۆجىزە خارەكتېرلىك ، قىيامەتكىچىلىك دەۋر سۈرىدىغان ، ئالەمشۇمۇل كىتاپتۇر.

الله قۇرئاندا : "[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6} « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 10 – قىسىم

(قۇرئان كەرىم ۋە جۇغراپىيە)

الحمد لله رب العالمين، وأصلي و أسلم علي سيدنا ، و نبينا محمد صلي الله عليه وسلم، وعلىآله و صحبه أجمعين أما بعد...

ئۆۋەتتە ئەرەب تىلنى بىلمىگەنلىكتىن ، قۇرئاندىكى ( ستلىستىكلىق ) مۆجىزنى بىلمىگەن كىشلەر، ئىسلام دىنىنىڭ ، ھەق دىن ئىكەنلىگىنى قانداق بىلەلەيدۇ ..؟ ئۇلار، قۇرئاندىكى (ستلىستىكلىق) مۆجىزنى بىلىش ئۈچۈن، ئەرەب تىلنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ، ئۆگىنىشى كېرەكمۇ..؟ ،ياكى الله ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ ئوخشاشمىغان ئەسىرلەر ۋە زامانلاردىكى ، خىلمۇ–خىل تىللار بىلەن سۆزلىشىدىغان بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ، قانائەتلىنەرلىك دەلىل–پاكىتلارنى قالدۇردىمۇ..؟

مانابۇ سوئالىمىزغا ، بۇگۈنكى مېھمىنىمىز بولغان ، ئامېرىكىدىكى گېئولوگىيە ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئاتاغلىق ئالىم پروفېسسور [ بالمار] بىلەن بولغان ئىلمى سۆھبەتىمىز جاۋاپ بېرىدۇ ، پروفېسسور [ بالمار] ئامېرىكا گېئولوگىيە جەمئىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى ئىدى . بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ، ئۇنىڭغا قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىپتا بايان قىلىنغان ئىلمى مۆجىزلەرنى ، بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئوتتۇق ، شۇئەسنادا ، ئارمىزدا قىزغىن بىرلىق يۈزبەردى ،

بىز ئۇنىڭغا ، قۇرئان كەرىمدىكى بىر ئايەت ، يەر شارىدىكى ئەڭ تۆۋەن رايونغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ، ئۇ رايون بولسا ، پارىسلار بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان پەلەستىنگە يېقىن بىر جايدۇر .

الله قۇرئاندا بۇ رايونغا ئىشارەت قىلىپ:( الم{1} غُلِبَتِ الرُّومُ{2} فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِّن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ{3} فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ) (سورة الروم)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى « رىملىقلار زېمىننىڭ ئەڭ تۆۋەن رايونىدا مەغلۇپ بولدى ، ئۇلار مەغلۇبىيەتتىن كېيىن كۆپ بولسا ، 3 يىلدىن 9 يىلغىچە غەلبە قىلىدۇ » ( س/ روم : 1–3 ئا.) دېگەن .بۇ ئايەتتىكى "دنۇ" سۆزى ئەرەب تىلدا ، پەس ، تۆۋەن ، چوڭقۇر ، يېقىن ، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەپسىرشۇناسلار ،" يېقىن" دېگەن مەنىگە ېېرىپ ئەرەپ يېرىم ئارلىغا، يېقىن جاي دەپ چۈشەنگەن ، بىراق بۇ يەردە ، ئۇ سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى بولغان " تۆۋەن" دېگەن مەنەھەم مەقسەت قىلىنغان ، مانا مۇشۇنداق، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر خۇسۇسىيتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"وَأُوْتِيْتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ" « ئۆزى ئىخچام مەنىسى كۆپ ستلىستىكلىق جەھەتتە

تەڭداشسىز قۇرئان كەرىمنى ئاتا قىلىندىم » دېگەنىدەك، بىر سۆز بىر نەچچە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا مەقسەت قىلىنىدۇ ، بىز يەرشارىدىكى ئەڭ ئۇيمان رايۇننى تەكشۈرگىنىمىزدە، پارىسلار بىلەن روملۇقلار ئوتتۇرىسىدا ئورۇش بولغان جاي دەل يەرشارىدىكى ئەڭ ئويمان رايۇن ئىكەنلىگى بايقالدى ، بىز بۇنىڭ بىلەن پروفېسسور [ بالمار] نى خەۋەرلەندۇرسەك، ئۇ بىز« ياق .. ئۇنداق ئەمەس، سىلەر دېگەن رايۇنلاردىنمۇ بەك ئويمان رايۇنلار كۆپ » دەپ ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپادىكى بىر نەچچە رايۇنلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى . بىز پروفېسسورغا ئۆز گېپىمىزنى تەكىتلەپ « قۇرئان كۆرسەتكەن جاينىڭ ئەڭ ئويمان رايۇن ئىكەنلىگىدە ئىشەنچىمىز كامىل » دېدۇق . پروفېسسور دا گىلبوس بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئويمانلىق ۋە ئېگىزلىكلەر ئېنىق كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن ئىدى ، پروفېسسور بىزگە « ئۇنداقتا ئىش ئاسان ، بۇ گلىبوس بىزگە ئەڭ ئويمان رايۇننى كۆرستىپ بېرىدۇ » دەپ گلىبوسنى ئايلاندۇرۇپ ، قۇرئان دەپ ئۆتكەن پەلەستىننىڭ ئەتراپىدىكى رايۇنلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ، يەر شارىدا ئەڭ ئويمان رايۇن دېگەن خەتنى كۆردى –دە تىزلام بىز تەرەپكە قايرىلىپ، توغرا ئىكەن دەپ، خەرىتىدىكى يەرشارىدىكى ئەڭ ئويمان رايۇن دېگەن جايىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەزى ئىزاھاتلارنى بەردى ۋە « بۇيەردە راستىنلا ئۇلۇك دېڭىزنىڭ بويىدىكى بۇ رايۇن يەرشارى بۇيىچە ئەڭ ئويمان رايۇن دىيىلىپتۇ » دېدى.

قۇرئان كەرىم ئۆتمۈشنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى ، يەرشارىنىڭ ، ئاسمانلارنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ، بىرىنچى قېتىم سۇنىڭ يەرقاتلاملىرىدىن قانداق چىققانلىغىنى ، تاغلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى، ئۆسۈملىكلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ چىققانلىغىنى ، مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكى ، ئاندىن يەر يۈزىنى ۋە تاغلارنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى ، يەرشارىدا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈز بىرۋاتقان گېئولوگىلىك ھادىسلەرنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرشارىنىڭ ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كەلگۈسىدىكى گېئولوگىلىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ، قۇرئاننىڭ ئېنىق ئىلمى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ ھەيرانلىق بىلەن « قۇرئان ئاجايىپ ئىلمى كىتاپ ئىكەن ، بىزگە ئۆتمۈشنى ، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىدىكەن » دېدى. باشقا ئالىملارغا ئوخشاش پروفېسسور [بالمار]مۇ دەسلەپتە سەل – پەل دىلغۇل بولىدىيۇ، بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆزقارشىنى ئوتتۇرغا قۇيدى ،

پرفېسسور[بالمار] قاھىرەدە ئېچىلغان قۇرئاندىكى گېئولوگىيە ساھەسىگە ئائىت ئىلمى مۆجىزىلەر توغرىسىدا بىر ئىلمى ماقالە ئېلان قىلدى، ئۇ ماقالىسىدا «مەن پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى ئېنىچكە بىلمەيمەن ، ناۋادا ئىش بىزنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ ئىلمى سەۋىيىسىنى بولگىنىمىزدەك ئىلىم-پەن جەھەتتىن ساپاسى تۆۋەن بولسا ، بىز قۇرئاندا ئۇقۇۋاتقان بۇ ئىلىم-بىلىملەر ، ئىلاھى ئىلىمنىڭ نۇرى بولۇپ ، الله بۇ ئىلىمنى پەيغەمبەر(مۇھەممەد)

ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلغانلىقىدا شەك يوك » دېگەن .

ئىۇ ماقالىسىنى تۆۋەندىكى بايانات بىلەن ئاخىرلاشتۇردى « مەن شۇ زامانلاردا ، مۇشۇنداق مەلۇماتلارنىڭ بار، يوقلىغىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدىم ، بىراق ئۇ ئەسىردە ، قۇرئاندىكى مەلۇماتلارغا ئوخشاش مەلۇماتلار پۈتۈلگەن ماترىيال تېپىلمىدى، مانابۇ بولسا، ﷲ پەيغەمبەر( محمد) ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئۆز ئىلمىدىن ناھايىتى ئازغىنە بىر قىسمىنى بېغىشلىغان دېگەن ئىشەنچىمىزنى ئالغا سۈرىدۇ، بىز بۇ مەلۇماتلارنى تېخى يېقىندىلا بايقاپ چىقتۇق ، بىز گېئولوگىيلىك ئۇسۇلدا قۇرئاندىكى ئىلمى ماۋزۇلاردا ، داۋاملىق سۆھبەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز».

ئامېرىكا گېئولوگىيە ساھەسىدىكى زاماندىش ئاتاغلىق ئالىم ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتا ۋە بايان قىلىشتا قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ ، بىراق بۇ تۈردىكى كىشىلەر، ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج .

غەرب ئەللىرى ۋە شۇنداقلا شەرىق ئەللىرى دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىنىپى كۆرەش ئىچىدە ياشاپ كەلدى ، بۇ كۆرەشنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى ، چۈنكى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بارلىق دىنلار، يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلاندى ،ياكى ئۆزگەرتىۋىتىلدى ، ﷲ پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋەتىشتىكى تۈپ نىشان، ئاشۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتالىقنى تۈزەشتۇر.

بەزى كىشىلەر « بىز ئىلىم-پەن ساھەسىدە قالاق تۇرساق ، دىنىمىزنىڭ ماھىيىتىدىن يىراق تۇرساق ، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بىزدىن ئىسلامنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ ؟..» دېيىشى مۇمكىن .

ئىلىم ، ئىلىم ئەھلىنىڭ قەلبلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئۇنداقلار تاشقى قىياپەت ۋە شەكىلگە قارىماستىن بەلكى شەيئىنىڭ ئىلمى قىممىتىگە ، ھەقىقىتىگە ۋە ماھىيىتىگە قارايدۇ .

ئىسلام دىنىنىڭ نۆۋەتتىكى سەرمايىسى ئىلىم ۋە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققى قىلىشىدۇر ، چۈنكى ھەرساھەدىكى ئىلىم-پەن خادىملىرى قۇرئان ۋە ھەدىسقا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتساق ، پەقەت ئىمان بىلەنلا،ئۇزىنىڭ تەبئى خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ، كىشىلەر ئىمانسىز ، داۋاملىق ئەنسىرەش ۋە قايغۇ-غەم ئىچىدە ياشايدۇ.

ئۆزىنىڭ ھۆرىيتىنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ھەقىقەتنى بىلگەن زامان ، ھەرقانداق زورلاۋان كۈچقا پەرۋا قىلماستىن ھەقنى دەۋىرىدۇ، بىز ئالدىنقى سۆھبەتلەردە ، مۇشۇ خىلدىكى ئالىملارنىڭ قۇرئاندىكى قىيامەتكىچىلىك دەۋر سۈرىدىغان ئىلمى مۆجىزلەرنىڭ نىگىزىنى چۈشىنىپلا ، دەرھال ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق .

ﷲ قۇرئاندا "[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6} « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل

**قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك اللە نىڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن.** [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 11 – قىسىم

## ( تا غ ۋە قۇرئان كەرىم )

الحمد لله رب العالمين، وأصلي و أسلم على سيدنا ، و نبينا محمد صلى الله عليه وسلم، وعلىآله و صحبه أجمعين أما بعد...

بۈگۈن بىز، بەزى ئالىملارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالىملار بىلەن ئۇچرۇشىمىز ، جۈملىدىن پروفېسسور [ سىياۋىدا ] .

پروفېسسور [ سىياۋىدا ] ياپۇنىيە بويىچە [ ئوكيان گېئولوگىيىسى ] ساھەسىدە ئەڭ ئاتاغلىق ئالىم ۋە شۇنداقلا خەلقئارادىمۇ بۇ ساھەدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پروفېسسور [ سىياۋىدا ] نىڭ ئىدىيىسى دىنلار توغرىسىدا ، خىلمۇ-خىل شەك-گۇمانلار ۋە خاتا مەلۇماتلار بىلەن تولغان ئىدى ، ئۇنىڭ دېگىنى بارلىق دىنلار ھەققە توغرا بولسىمۇ ، ئىسلام دىنى ھەققەدە توغرا ئەمەس ئىدى ، چۈنكى ئىسلام دىنى ئۇسۆزلەۋاتقان دىنلاردىن ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە ئۇچراشقىنىمىزدا ، ئۇ بىزگە « دىنى زاتلارنىڭ ئىلمى سورۇنلاردا سۆلىشىگە بولمايدۇ ، سىلەر دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايلىرىدا ، لام-جىم دېمەي شۇك تۇرشۇڭلار كېرەك» دېدى.

بىز « نېمە ئۈچۈن ..؟! نېمىشقا ؟ دېدۇق . ئۇ « چۈنكى سىلەر سۆزلىسەڭلار ، ئىنسانىيە ئارىسىدا ئۇرۇش ئوتنى تۇتاشتۇرسىلەر » دېدى. بىز ئىتراز بىلدۇرۇپ ۋارشا ئىتپاقداشلار ئارمىسى ۋە ياۋرۇپا ئىتپاقداشلار ئارمىسى ھاۋادا ، دېڭىز-ئوكيانلاردا ، قۇرۇقلۇقتا ۋە يەرئاستىلىرىدا ، يەرشارىنى بىر نەچچە قېتىم ۋەيران قىلىشقا يېتەرلىك قۇراللارنى نېمە مەقسەت بىلەن تۇپلايدۇ ؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن ؟ بۇلارمۇ دىنى سەۋەپتىنمۇ؟ » دېدۇق، جىم بولۇپ قالدى ، بىز پروفېسسورغا « قانداقلا بولمىسۇن بىز سىزنىڭ دىنلارغا بولغان پوزىتسىيە سىڭىزنى بىلدۇق ، ھەرھالدا سىز ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەن ئىكەنسىز ، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئالدى بىلەن بىزدىن ئاڭلاڭ ، ئاندىن سىزدىن ئاڭلايلى » دېدۇق. بىز ئۇنىڭدىن ، ئىختىساسىغا ئائىت بىر نەچچە سوئالنى ۋە ئۇ سۆزلەۋاتقان ھادىسىلەرنى تەسۋىرلىگەن بىرنەچچە ئايەت ۋە ھەدىسلار توغرۇلۇق بىر نەچچە سوئالنى سورىدۇق، جۈملىدىن تا غ توغرۇلۇق سوراپ « تاغنىڭ شەكلى قانداق ، تا غ قۇرۇق شەكىلدىمۇ ؟؟» دېدۇق .

ئۇ جاۋاپ بېرىپ « قۇرۇقلىقتىكى ۋە ئوكيانلاردىكى تاغلارنىڭ ھەر بىرى مۇناسىپ ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى تاغلار بولسا ئاساسەن چۆكۈندى ماددىلاردىن تەركىپ تاپىدۇ، ئەمما ئوكياندىكى تاغلار بولسا ، ئاساسەن يانارتا غ ماگمالاردىن تەركىپ تاپىدۇ،

قۇرۇقلۇقتىكى تاغلار بېسىم كۈچى بىلەن شەكىللەنگەن ، ئوكياندىكى تاغلار كېڭىيش تۈپەيلى

شەكىللەنگەن، بىراق بۇ ئىككى خىل تاغلار ئوتتۇرسىدىكى ئورتاق نوقتا بولسا ، ئۇلارنىڭ يەر قاتلاملىرىغا سۇزۇلغان يىلتىزلىرى بار ، قۇرۇقلۇقتىكى تاغ تەركىبىدىكى ماددىلار يەڭگىل ، ئانچە زىچ ئەمەس بولۇپ ، يىلتىزغا ئوخشاش يەر قاتلاملىرىغا سۇزۇلغان بولىدۇ، ئوكياندىكى تاغ تەركىبىدىكى ماددىلارمۇ يەڭگىل بولۇپ ، يىلتىزغا ئوخشاش تاغنىڭ مۇقۇملىغىنى ئالغا سۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ئوكياندىكى تاغلارنى شەكىللەندۇرگىچى ماددىلار، يەڭگىل ۋە ئىسسىقلىق دەرجىسى يوقرى بولىدۇ ، شۇڭا ئۇ ئەتەراپقا يېيىلىدۇ، ئەمما زىچلىق جەھەتتىن ئوخشاشلا تاغلارنىڭ مۇقۇملىغىنى ئالغا سۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ، شۇڭا يىلتىزلارنىڭ رولى [ ئارخىمىدىس قانۇنى] بويىچە تاغلارنىڭ مۇقۇملىغىنى ئالغا سۇرۇشتۇر» .

پروفېسسور [ سىياۋىدا] مەيلى قۇرۇقلۇقتىكى تاغلارنىڭ تۇزۇلۇشى بولسۇن ، مەيلى ئوكيانلاردىكى تاغلارنىڭ تۇزۇلۇشى بولسۇن، قۇزۇق شەكلىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئوتتى ، بىزنىڭ بۇ يەردە بىلىم ئەھلىگە ، ئىنساپلىق ئەقىل ئىگىللىرىگە قويىدىغان سۇئالىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ، بىراۋ پروفېسسور دېگەندەك تاغ قۇزۇق شەكلىدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىنمىدى ؟ يەر ئۇستىنىڭ تەكشىلىكىگە، دۆڭلۇككە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن زور دۆڭلىكتىن ئىبارەت بۇ تاغنىڭ ، يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ، ئالىملارنىڭ نەزىرىدە، قۇزۇق دەپ ئاتىلىدىغان يىلتىزىنىڭ بارلىغىنى بىراۋنىڭ تەسەۋۋۇرقىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ، كۆپىنچە جۇغراپىيە كىتاپلىرى ، تاغلارنى تەسۋىرلىگەندە ، بۇ توغرىدا مۇتەخەسسىس بولمىغانلار، تاغنىڭ پەقەت يەر ئۇستىدىكى قىسمىنىلا تەسۋىرلەيدۇ، الله قۇرئاندا ، تاغنى تەسۋىرلەپ:" (وَالْجِبَالَ أَوْتَاداً) (النبأ:7)« زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىگى ، ئۇچۇن تاغلارنى قۇزۇقسىمان قىلمىدىقمۇ» ( نەبە: 7ئا) دېگەن . مانا بۇ ئىلىم –پەننىڭ تېپىپ چىققىنىدۇر.

بىز پرفېسسور[ سىياۋىدا ] دىن تاغنىڭ ۋەزىپىسى توغۇرلۇق سوراپ « يەر يوستىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىگىدە ، تاغنىڭ رولى بارمۇ؟ » دېدۇق پروفېسسور جاۋاپ بېرىپ:-« ئىلىم–پەن تا–ھازىرغىچىلىك بۇنى بايقىغىنى يوق ، بىز بۇ توغۇرلۇق ئىزدەندۇق ۋە سوردۇق ، كۆپىنچە گېئولوگ ئالىملار بىزگە ئوخشاشلا ئىلىم–پەننىڭ بۇنى تېخىچە بايقاپ يەتكىنى يوق دەپ جاۋاپ بېرشەتتى ، ئەمما بىر توپ گېئولوگ ئالىملار ، يەر يوستىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىگىدە ، تاغنىڭ ئىزچىل تۇردە رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى ، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى [ يەرشارى ] دېگەن بۇ كىتاپنىڭ مۇئەللىپلىرىدۇر.

بۇ كىتاپ بولسا ،خەلقئارادىكى كۆپىنچە داشۆلەردە پايدىلىنىش ماترىيالى قىلىنىدۇ، بۇ كىتاپنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ بىرى ، ئامېرىكىدىكى پەنلەر ئاكادىمىسىنىڭ رەئىسى پروفېسسور[ فرانك فىرس] بولۇپ ، بۇ كىشى ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسى[ كارتىر] نىڭ ئىلمى مەسلەھەتچىسىمۇ بولغان.

بۇ كىشىنىڭ تاغ توغۇرلۇق نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى ، بىز ، [ يەرشارى ] دېگەن كىتاپنىڭ

488-بېتىدە، تاغنىڭ تۈزۈلۈشنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، تاغنى قوزۇق شەكلىدە دېگەن. 413 – بەتتە، تاغنىڭ ئازغىنە قىسمى يەر ئۈستىدە بولسا ، كۆپ قىسمى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سۇزۇلغانلىقى بايان قىلىنغان، ( 13- رەسىمگە قاراڭ) 435 – بەتتە ، تاغنىڭ ۋەزىپىسى توغۇرلۇق يازغانلىقىنى كۆرىمىز ، ئۇ « يەر پوستىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكىدە، تاغ زور رول ئوينايدۇ » دەپ يازغان . مانا بۇنى ، قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن مۇقەررەرلەشتۇرگەن، الله قۇرئاندا :"وَ الْجِبَالَ أَوْتَاداً" « زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن تاغلارنى، قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ »يەنە بىر ئايەتتە:"(وَأَلْقَى فِي الْأَرْضِ رَوَاسِيَ أَنْ تَمِيدَ بِكُمْ) (النحل: من الآية15) « زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن ، الله ئۇنىڭدا تاغلارنى تاشلىدى » دېگەن

بۇ ئىلمى ھەقىقەت بىلەن پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنى كىم خەۋەرلەندۇرگەن..؟. بىز پروفېسسور[ سياۋېدا] غا سوئال قويۇپ « پروفېسور.. ! نۆۋەتتىكى ئىلىم-پەن ، تېخىچە بايقاپ يېتەلمىگەن كائىناتلاردىكى سىرلارنى ، قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ قانداق بايان قىلغانلىقىنى كۆردىڭىز ، بۇنىڭغا كۆز قارشىڭىز قانداق ؟» دېدۇق .

ئۇ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى « ماڭا ئايان بولۇشىچە ، بۇ ئىش ناھايىتى سىرلىق ، ئەقلىغا سىغمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، ئەگەر دېگىنىم توغرا بولسا ، ھەقىقەتەن قۇرئان ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك كىتاپ ئىكەن ، مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن.»

ئالىملار، الله نىڭ كىتاۋى ئالدىدا ، نېمىمۇ دېيەلىسۇن...؟ الله پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلغان بۇ ھەقىقەتلەرنى ، ئۇلارنىڭ (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا ياكى شۇ دەۋردىكى بىرەر شەخسكە ھەتتا بىرەر ئىلمى جەمئىيەتكە مەنسۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، چۈنكى قۇرئان تىلغا ئالغان بۇ سىرلارنى خېلى يېقىنغىچىلىك بارلىق ئالىملار بىلمەيتى ، ھەتتا بارلىق ئىنسانىيەتمۇ، ئۇ توغۇلۇق ھېچنىمنى بىلمىگەن ئىدى ، شۇڭا نۆۋەتتىكى ئالىملار ئالدىدىمۇ « بۇ مەنبەسى ئىنسان بولمىغان، مەلۇم بىر تەرەپتىن كەلگەن ياكى ۋەھى دېيىشتىن » باشقا يول يوق ئەلۋەتتە...!

شۇنداق ... بۇ بولسا ، ھەممىدىن بۈيۈك الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىدۇر ، بۇنى الله ، ساۋاتسىز بەندىسى( مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، تا-قىيامەت قايىم بولغىچىلىك دەۋر سۈردىغان ، مەڭگۈلۈك مۆجىزە قىلدى.

الله قۇرئاندا "[وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6} « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 12– قىسىم

(قۇرئان كەرىم ۋە ئاستورنومىيە)

الحمد لله رب العالمين، وأصلي و أسلم على سيدنا ، محمد صلى الله عليه وسلم، وعلىآله و صحبه أجمعين و بعد.......

بۈيۈك الله قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزە كىتاپنى جىمى ئىنسانىيەتكە، رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلىپ:( إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَالَمِينَ{87} وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ{88} (صٓ:88) « قۇرئان كەرىم ھەقىقەتەن جىمى جاھان ئەھلىگە ، ۋەز–نەسىھەتتۇر ، ئۇ خەۋەر قىلغان مەلۇماتلارنىڭ راستلىقىنى پات–يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر» ( س/ ساد: 87–88 ئا)دېگەن .

دېمەك : قۇرئان كەرىم بولسا ، قىيامەتكىچىلىك ياشىغان بارلىق ئىنسانىيەتكە ۋەز– نەسىھەتتۇر ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئاندىكى مەلۇماتلارنىڭ مۆجىزىلىگى ئىسپاتلىنىدۇ، بۇ قۇرئان كەرىم بولسا ، الله نىڭ ئىلمى بىلەن نازىل بولغان ۋەشۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئايەتمۇ الله نىڭ ئىلمى بىلەن نازىل بولغان. الله قۇرئاندا:(لَكِنِ اللّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنزَلَ إِلَيْكَ أَنزَلَهُ بِعِلْمِهِ) (النساء:166) « الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق ، سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى ئۆزئىلمى–مەرپىتى بىلەن نازىل قىلدى» دېگەن.(س/نىسا، 166–ئا).

دېمەك قۇرئان ، الله نىڭ ئىلمى بولۇپ ، ھەر بىر ئايەت الله نىڭ ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ، ئىنسانىيەت كۈنسېرى تەرەققى قىلىدۇ، تەرەققى قىلىپ ، ئىلمى سەۋىيەدە يۈكسەلگەندە ، يۇقارقى ئايەت ئىشارەت قىلغان ، ئىلاھى مۆددىئانى چۈشىنىشكە قادىر بولالايدۇ ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ ، الله تەرىپىدىن ۋەھىي قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ ، ئىنسانلار يۈكسەلگەندە ، كائىناتلارنىڭ يېڭى سىرلىرىنى تاپىدۇ ۋە شۇنى بايان قىلغان ، قۇرئانى ئايەتلەرنىمۇ تاپىدۇ، تېخىمۇ يۈكسىلىپ يۇقۇرى پەللىگە يەتسە ، بۇ يۈكسىلىش قۇرئانى چۈشەنچىنىڭ دائىرسىدە بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق قىلىپ ، ئىنسانلار ئىزچىل ھالدا ، قۇرئان كەرىمنىڭ الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئىلمى مۆجىزلەرنى بايقاپ تۇرىدۇ . مانابۇ ئامېركىدىكى ئاستورنومىيە ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئاتاغلىق ئالىم پروفېسسۇر [ ئارمىستىرونج ] بولىدۇ ، بۇكىشى [ ئامېركا ئالەمشۇناسلىق ئاگېنتلىغى ( ناسادا ) ئىشلەيدۇ ۋە شۇنداقلا ( ناسا ) دىكى ئاساسلىق ئالىملاردىن ھىساپلىنىدۇ ، بىز بۇ كىشى بىلەن ئۇچۇرشۇپ ، ئۇنىڭ ئىختىساسى بولغان ئاستورنومىيەگە ئائىت ، قۇرئاندىكى بىر نەچچە ئايەتلەر توغرىسىدا سوئال سورىدۇق ، جۈملىدىن تۆمۈرنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى سورىدۇق ، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ « مەن سىلەرگە يەرشارىدىكى بارلىق

ئېلېمېنتلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي ، بىز بۇنى تېپىپ چىقتۇق ، بەلكى مەن سىلەرگە دەۋاتقان سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، بىر نەچچە قېتىم تەجرىبىە ئېلىپ باردىم ، تۆرلۈك ئېلېمېنتلارد ا ، ئېلېكترون ۋە پروتىن، قاتارلىقلاردىن ئىبارەت زەررىچىلەر بىر يەرگە يىغىلىدۇ، ئاشۇ زەررىچىلەر ھەرقانداق ئېلېمېنتنىڭ ئاتومىدا بىرلىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئېنېرگىيەگە مۇھتاج بولىدۇ، تۆمۈر ئاتومى ۋۇجۇدقا كېلىش ئۈچۈن ، لازىملىق ئېنېرگىيەنى ھىساپلاپ چىققىنىمىزدا ، قوياش سېستىمىسى چىقىردىغان ئېنېرگىيەدەك ، تۆت ھەسسە ئېنېرگىيەنىڭ لازىملىقىنى تېپىپ چىقتۇق، يەرشارى ، قوياش ، ئاي ، مېركورى ، ساترون ۋە مارىس لاردىن ئىبارەت قوياش سېستىمىسى چىقارغان ئېنېرگىيەلەر ، تۆمۈرنىڭ بىر ئاتومىنى پەيدا قىلىشقا كۇپايە قىلمايدۇ ، بەلكى قوياش سېستىمىسى چىقىردىغان ئېنېرگىيەدەك تۆت ھەسسە ئېنېرگىيەگە مۇھتاج بولىدۇ» دېدى . ئاندىن بىز سورىمىساقمۇ ئۆزىچە « شۇڭا ئالىملار، تۆمۈر يەرشارىغا باشقا بىر جايدىن كەلگەن ئېلېمېنت دەپ جەزملەشتۈردى » دېدى . بىز ئۇنىڭغا ، الله نىڭ: ( وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ)(الحديد: من الآية25)

« بىز تۆمۈرنى يەرشارىغا چۈشۈردۇق ، تۆمۈر زوركۈچ – قۇۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلەر باردۇر »( س/ ھەدىد: 25ئا) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردۇق.

بىز پروفېسسوردىن « ئاسمانلاردا ئاراچلار بارمۇ ؟» دەپ سورىدۇق . ئۇ « ياق.» دەپ جاۋاپ بېرىپ ، سىلەر ئالەمشۇناسلىق ساھەسىدىكى ، تارماق پەن بولغان ، [ تاكامۇل ئالەم ] توغرىسىدا سۆزلەۋاتسىلەر ، بو[ تاكامۇل ئالەم ] نى ئالىملار تېخى يېقىندىلا بايقاپ چىقتى ، ناۋادا ئالەم بوشلۇقىدىن بىر نوقتىنى ئاساس قىلىپ، مەلۇم مۇساپە ھەركەتلىنىپ ، ئاندىن ئەكس تەرەپكە ئوخشاش مۇساپە ھەركەتلەنسەڭ ، سەن ھەر تەرەپنىڭ ماسسى ھەر تەرەپتىن ئوخشاش تەكشۈرۈك چىقىدىغانلىقىنى بايقايسەن، چۈنكى سەن ئاساس قىلغان نۇقتىغا ھەممە تەرەپتىن بولغان بىسىم ئوخشاش بولغانلىقىدىن ، بۇ نۇقتىنىڭ ماسسىسىنىڭ تەكشۈرۈكلىكى ، ھەممە تەرەپتىن نورمال بولىدۇ ، ناۋادا جىسىملارنىڭ قارمۇ–قارشى يۆلەنگەن تەڭ كۈچلەرتەسىردىكى مۇۋازىنەت– تۇرغۇن ھالىتى بولمىغان بولسا ئىدى ، جىسىملار قالايمىقان ھەركەتلىنىپ ئالەم بوشلۇقىدا ئاراچلار پەيدا بولغان بولاتتى » دېدى .

ئابدۇلمەجىد زىندانى«مەن الله نىڭ:(أَفَلَمْ يَنْظُرُوا إِلَى السَّمَاءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِنْ فُرُوجٍ) (قّ:6) « ئۇلار ئۈستىلىردىكى ئاسماننى قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا ، يۇلتۇزلار بىلەن بەدىئى بېزىگەنلىكىمىزگە ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئاراچ ۋە نۇقسانلارنىڭ يوقلىقىغا قاراپ باقمامدۇ..؟ » ( س/ قاف: 6 ئا) دېگەن ئايىتىنى پروفېسسورغا ئوقۇپ بەردىم ، ئاندىن بىز ئالىملارنىڭ ، ئالەمنىڭ چېتىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى توغۇرلۇق سۆزلۈشۈپ « ئالىملار ئالەمنىڭ چېتىگە يەتتىمۇ ؟» دەپ سورىدۇق .

ئۇ، بىز ئالەمنىڭ يېتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز، قاچانلىكى تېلېسكوپنى چوڭايتىپ ئالەمگە نەزەر

سالساق ، يېڭى يۇلتۇزلارنى بايقايمىز ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭمۇ تېخىچىلا مۇشۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىمىزنى تېپىپ چىقتۇق، دېمەك ، بىز ئالەمنىڭ چېتىگە يەتمىدۇق » دېدى.

مەن الله نىڭ: (وَلَقَدْ زَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ وَجَعَلْنَاهَا رُجُوماً لِلشَّيَاطِينِ )(الملك: من الآية5) « بىز يەرشارىغا يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن بىزىدۇق ۋە ئۇنى شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق » (س/ مۇلك: 5ئا)دېگەن بۇ ئايىتىدىن ، ئۇلار بايقىغان بارلىق يۇلتۇزلاريەرشارىغا يېقىن ئاسماننىڭ زىننىتى ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم .

پروفېسسور« يەنە شۇڭا يەرشارىدىكى ھاۋارايى ئامىللىرى ۋە باشقا چاڭ-توزاڭلارنىڭ بىزنىڭ كۆرىشىمىزگە توسالغۇ بولماسلىغى ئۈچۈن ، ئالەم بوشلۇقىغا ، تېلېسكوپ ئورنۇتۇشنى ئويلاۋاتىمىز ، ئوپتىكىلىق ئادەتتىكى تېلېسكوپلاربىلەن يىراق مۇساپىلەرنى كۆرگىلى بولمىغانلىقتىن ، ئوپتىكىلىق تېلېسكوپنىڭ ئورنىغا ، رادىئو تېلېسكوپلارنى ئىشلەتتۇق ۋە بۇنىڭ بىلەن يېڭى مۇساپىلەرنى تاپقان بولساقمۇ ، يەنىلا چەكلىك بىر جايدا تۇرۋاتىمىز »دېدى .

مەن پروفېسورغا الله نىڭ:(ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئاً وَهُوَ حَسِيرٌ)(الملك:4) « سەن ئاسمانلارغا تەكرار قاراپ باققىن ، بىرەر ئاراچىنى كۆرەمسەن..؟ ئاندىن سەن يەنە قايتا قايتا قارىغىن ، كۆزۈڭ كۆرۈشنى خالىغان نەرسىنى كۆرەلمەي ، ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ » (س/ مۇلك: 3-4ئا) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بەردىم . پروفېسسور قاچانلىكى بىر ئىلمى ھەقىقەتنى بايان قىلسا ، بىز ئۇنىڭغا شۇ ھەقتىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەرسەك ، ئۇ قوشۇلغانلىقنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتاتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا «سىز ئاستىرونومىيەگە ئائىت ئىلمى ھەقىقەتلەرنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتتىڭىز، ئالىملار بۇ ئىلمى يېڭىلىقلارنى يېقىنقىدىلا ، سىزنىڭ ھەمرا ۋە ئالەم كېمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش زامانىۋىلاشقان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش بىلەنلا ، ئاندىن سىز يۇقۇردا دەپ ئۆتكەن مەلۇماتلارغا ئېرىشەلىدى ، بۇ ھەقتە 1400 يىل بۇرۇن نازىل بولغان قۇرئان تېكىستلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز ، بۇنىڭغا قارىتا كۆز قارىشىڭىز قانداق ؟» دەپ سورىدۇق. ئۇ سوئالىمىزغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بەردى «بۇ سوئالىڭىز بەكمۇ قىيىن ، بىز سۆھبەتلىشىۋاتقاندىن باشلاپ مەن بۇ ھەقتە ئويلاپ كېلىۋاتىمەن ، بەزى كىلاسسىك كىتابلارنىڭ ، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلارلىق ئۇسلۇبتا ، نۆۋەتتىكى ئاستىرونومىيە ئىلمىگە ئويغۇن كەلگەنلىكىدىن ناھايىتىمۇ ھاياجانلىنىۋاتىمەن ، 1400 يىل بۇرۇن ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋرسۇرگەن ئىجتىمائى شارائىتنى، ئېتماد قىلغۇدەك ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە بۇلگىدەك ئالىم بولمىسامۇ ، بىراق ئىخچام قىلىپ ئېيتسام ، بىزنىڭ كۆرگىنىمىز چۇڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۇنى ئىلمى چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت يوق ، بىز كۆرگەن قۇرئانى مەلۇماتلارنى چۈشەندۈرۈشكە، بىزنىڭ ئىنسانى تەجرىبىيە چۈشەنچىمىزدىن سىرت ، بىر چۈشەنچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ، بىراق بۇ نوقتىغا نىسبەتەن

مېنىڭ  نىتمدە ياكى هازىرقى شارائىتىم ئاستىدا ، بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرگىم يوق ، مەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىتىمنى دەلمۇ–دەل ئىپادىلىيەلمەي جىق سەزلەپ كەتتىمغۇ دەيمەن، مەن بىر ئالىم بۇلۇش سۈپىتىم بىلەن ، بەزى مۇئەييەن مەسىلىلەردە مۇستەقىل بولۇشۇم كېرەك ، بۇ،مەن سىز ئىرشىتنى ئۈمىد قىلغان جاۋاپقا ئازغىنە جاۋاپ بېرىشتەك، ئەۋزەل ئۇسۇلدا توختىشىمدا ئىپادىلىندۇ »

ئابدۇلمەجىد زىندانى « شۇنداق ... ، 1400 يىل بۇرۇن نازىل بولغان ، قۇرئاندىكى ئىلمى ھەققەت (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا، ئىنسانى مەنبەدىن كەلگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ھەققەتەنمۇ تەس ئىش ، شۇڭا قۇرئاننىڭ ، ئاشۇ ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ سىرتىدا بىرمەنبەسى بولۇشى كېرەك ، بۇ ھەقتە الله قۇرئاندا: ( أَنزَلَهُ الَّذِي يَعْلَمُ السِّرَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ إِنَّهُ كَانَ غَفُوراً رَّحِيماً{6}  « ئى مۇھەممەد ..! قۇرئاننى ئاسمانلاردىكى ۋە زىمىندىكى ، بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇردىغان الله نازىل قىلدى دېگىن » ( س/ فۇرقان: 6ئا) دېگەن.

بىز نوۋەتتىكى يۈكسەلگەن دەۋرىدە ، يۇقۇردا كۆرگىنىمىزدەك ، تۈرلۈك سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈش جەريانىدا كۆپلىگەن ئاتاغلىق ئالىملار بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ، ئىلىم–پەن بىلەن دىنىنىڭ، ئىلمى سەھنىدە قايتا ئۇچراشقانلىقىنى كۆردۇق، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، بۇيەردە ھەق دىن بىلەن بۇرمىلانمىغان ئىلىم – پەن كۆزدە تۇتۇلدۇ، چۈنكى ھەق دىن بىلەن بۇرمىلانمىغان ئىلىم–پەن ئوتتۇرىسىدا ، ئاتالمىش توقۇنۇش ۋە ئاتالمىش ئانتاگونىلىك زىدىيەتنىڭ مەۋجۇد بۇلۇشى  مۇمكىن ئەمەس .

مانابۇ نوقتىنى، ئىسلام ئالىملىرى ئۆتمىشتىن تارتىپ « قەتئى پەننى ھەققەت بىلەن قەتئى دىنى ھەققەت مەنە ۋە ئۇقۇم جەھەتتىن تۇقۇنۇشۇپ قالمايدۇ » دەپ تەكىتلەپ كەلدى .

ناۋادا بەزىلەر بىز ئاتوم دەۋرىدە ، ئالەم بوشلۇقىنى ئىچىش دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز دېسە ، بىز بۇ دېگەنلەر توغرا ، بىراق ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر دەۋر ئالدىدا تۇرۋاتىمىز ، ئۇ بولسىمۇ ، ياماان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن الله ساقلاپ قالغان ئىسلام دىنى بىلەن ، ماھىيتى بۇرمىلانمىغان ئىلىم–پەن ئوتتۇرىسىدىكى شانلىق تارىخى ئۇچۇرشۇش دەۋرىدۇر دەيمىز .

الله قۇرئاندا : وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6} « ئىلىم– مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولغا يىتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6– ئا].

# 13– قسىم

( تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى)

الحمد لله رب العالمين، وأصلى و أسلم على سيدنا ، محمد صلى الله عليه وسلم، وعلىآله و صحبه أجمعين و بعد...

بۇ كىشى ۋاشىنگتون جورج تاۋون داشۆسىدىكى تىببى فاكولتېتىنىڭ ، ئاناتومىيە بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان پروفېسسور[ ج ، س ، گورىنگىر] بولىدۇ .

بىز بۇ پروفېسسور بىلەن ئۇچۇرشۇپ ، ئۇنىڭدىن « تۆرەلمەشۇناسلىق تارىخىدا ، تۆرەلمىنىڭ ئوخشاشمىغان ئۆتكۈنچى دەۋرىلەردە ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانمۇ ؟ ، (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ياكى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن ، تۆرەلمەشۇناسلىققا ئائىت بىرەر كىتاپتا ، بۇ مەسىلىگە ئىشارەت قىلىنىپ ئۆتۈلگەنمۇ ؟ ياكى تۆرەلمىنىڭ ، ئۆتكۈنچى دەۋرىلەرنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ، 19–ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۇنۇلۇپ يېتىلگەنمۇ؟ » دەپ سورىدۇق .پروفېسسور جاۋاپ بېرىپ « قەدىمقى گرېتسىيەلىكلەر ، تۆرەلمەشۇناسلىققا ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇلاردىن بىر قىسىم ئالىملار تۆرەلمىگە نېمە ئىشلار بۇلىۋاتقانلىقىنى ، ۋە تۆرەلمىدە نېمە ئىش يۈزبىرۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئورۇنغان » دېدى

بىز« شۇنداق بۇنى بۇلىمىز ، بۇ توغۇرلۇق شۇ زاماندىكى بەزى ئالىملارنىڭ تەلىماتلىرى بار ، جۈملىدىن ئارستو تەلىماتى ، بىراق تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىللىرنى تىلغا ئالغان بىرەر شەخس بارمۇ؟ » دەپ سورىدۇق . چۈنكى تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلىرى پەقەت 19– ئەسىردە تۇنۇلۇپ 20– ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەقىقى مۇقىملاشقانلىقىنى بىلەتتۇق. پروفېسسور، خېلى ئۇزۇن مۇنازىردىن كېيىن « ياق .. تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلىرى ، ئۇ زامانلاردا تىلغا ئېلىنمىغان » دەپ جاۋاپ بەردى. بىز پروفېسسورغا « قۇرئان كەرىم تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلىرىنى ئاتىغان تېرمىنلارغا ئوخشاش تېرمىنلار ئىشلىتىلگەنمۇ ؟ » دەپ سورىدۇق . ئۇ « ياق » دەپ جاۋاپ بەردى .

بىز « پروفېسسور ..! تۆرەلمىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئاندىكى بۇ تېرمىنلار توغۇرلۇق كۆزقارشىڭىز قانداق ؟ » دېدۇق.

خېلى ئۇزۇن ئىلمى مۇھاكىمىلەر بولغاندىن كېيىن ، پروفېسسور [ گورىنگىر] قۇرئاندىكى تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بۇ باسقۇچلارنى تېخى 19– ئەسىرگىچىلىك بىلمەيدىغانلىقى ۋە قۇرئاننىڭ تۆرەلمىنىڭ باسقۇچلىرىغا ئىشلەتكەن، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بۇتېرمىنلار ئىخچاملىقى بىلەن، مول مەزمۇنلۇق ئىلمى

ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئىلمى ماقالە تەييارلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا  ئېچىلغان 8– نويابىردىكى تىببى يىغىندا  لېكسىيە سۆزلىدى ، ئاندىن ئۇ ماقالىسىنى مۇنداق دەپ ئاخىرلاشتۇردى:–« قۇرئان تۆرەلمىنىڭ [زىگوتا] باسقۇچىدىن تارتىپ ،  تا– كامىل يەككى تەنگە ئايلانغىچىلىك  بولغان جەريانىنى تولۇق سۈپەتلەپ بېرىدۇ ، تۆرەلمىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلۇق جەريانىنى ھەم ئىخچام ، ھەم روشەن قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىش مەسىلىسى ،كۆپىنچى ھاللاردا ئەئەنىۋى پەنلەردە ، تىلغا ئېلىنغان ئىنسان تۆرەلمىسى تەرەققىيات جەريانىنىڭ ، ھەرخىل باسقۇچلىرى خاتىرىلىنىشتىن ئىلگىركى  بىر نەچچە ئەسىرگە قايتىدۇ ».

ئابدۇلمەجىد زىندانى «  پروفېسسور [ گورىنگىر] بىلەن ،ئالىملار يېڭىدىن بايقىغان بىر كەشپىيات ئۈستىدە سۆھبەتنى باشلىدۇق ، بۇ كەشپىيات  خرىستىيانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ، بىر ئىدىيۋى مەسىلىنى ھەل قىلاتتى، خرىستىيانلار ( پەيغەمبەر [ ئىسا ] ئاتىدىن تۇغۇلدى ، دادىسى كىم ؟! ) دەيتى ، ئۇلاربۇ مەسىلىنى ئوتتۇرغا قويغان چاغلىرىدا ، جىنسىز بىرخىل كۆپىيىش شەكلىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمايتى ، قۇرئان ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ [ ئادەم ئاتىمىز] نى مىسال كەلتۈردى ، ﷲ قۇرئاندا: (إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِنْدَ اللَّهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ) (آل عمران:59) « ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ نەزىرىدە، پەيغەمبەر [ئىسا]نىڭ ،  ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى ، ئادەم ئاتىنىڭ ئات–ئانىسىزيارىتىلغانلىقىغا  ئوخشاپ كىتىدۇ، ئادەم ئاتىنى ، ﷲ  تۇپراقتىن ياراتتى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ( ۋۇجۇدقا كەل) دېدى–دە ۋۇجۇدقا كەلدى » ( س/ ئال ئىمران: 59ئا)دېگەن .

بىز ئۈچ تۈردە يارىتىلغان ئىنسانىنى ئۇچۇرتىمىز ، ئادەم ئاتىمىز، ئانىسىز ۋە ئاتىسىز يارىتىلغان ، ھاۋا ئانىمىز ئانىسىز يارىتىلغان، پەيغەمبەر ( ئىسا) دادىسىزيارىتىلغان، ئادەم ئاتىمىزنى ، ئاتا–ئانىسىز يارىتىشقا قادىربولىيۈك زات ، پەيغەمبەر ( ئىسا) نى دادىسىز يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق  خرىستانلار تېخىچە بۇ ھەقتە جەگى–جەدەل قىلىپ كىلىۋاتماقتا ، ﷲ نىڭ خاھىشى بىلەن ، پاكتىنىڭ كەينىدىن پاكىتلارتېپىلىپ، ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، ئۇلارغا « نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى قىينىلاشتۇرۋالىسىلەر ؟ » دېيىلسە ، « بىز، بىرەرمۇ مەخلۇقنىڭ  ئاتا–ئانىسىز ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى پەقەت كۆرمىدۇق» دېيىشىدۇ. بىراق ئىلىم–پەن بىزگە دۇنيادىكى خېلى كۆپ جانلىقلار ۋە كائىناتلارنىڭ ، جىنسىز بىرخىل كۆپىيىش شەكلىنى ئېچىپ بەردى ،  مەسىلەن : ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئەركەكلىرى ، ئۇرۇقلانمىغان تۇخۇمدىن ۋۇجۇدقا كىلىدۇ ، ئەركىكىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن چىشى جىنسىلىق خىزمەتكار ھەرىلەر ۋۇجۇدقا كىلىدۇ، ئەركەك جىنسلىق ھەرىلەر بولسا ، ئايال پادىشانىڭ ئۇرۇقلانمىغان تۇخۇمدىن ۋۇجۇدقا كىلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق ھەسەل ھەرىستىن باشقىمۇ مىساللاركۆپ ، بەلكى ئىلىم–پەننىڭ كۆنسىرى يۈكسىلىشىگە  ئەگىشىپ ، ئالىملار بەزى جانلىقلارنىڭ تۇخۇمنى بىر خىل ۋاستە بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ قويسا ، بۇ  تۇخۇم ، ئەكەك جىنسىنىڭ ئۇرۇقلاندۇرشىغا ، مۇھتاج بولماي يېتىلىۋېرىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى ، پروفېسسور [گورىنگىر ] بۇ توغرۇلۇق توختۇلۇپ مۇنداق دېدى:– « بۇ تېمىدا مۇنداقچە

توخاتالساق ، ئۇمۇرتقىسىزلار ، قوشماكانلىقلار ۋە سۇ تخور قاتارىق هايۋانلارنىڭ ئۇرۇقلانمىغان تۇخۇمىنى ، ئېنىرگىيە ئوتكۈزۈش ۋە يېگلە سانجشتەك مېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ، ياكى خىمىيلىك ۋاستىلار، يەنى خىلمۇ-خىل خىمىيلىك ۋاستىلار بىلەن جانلاندۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ، بەزى جانلىقلارنىڭ تۇخۇمى ئىلغار باسقۇچلارغا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ ، بۇ تۆرەلمىنىڭ تەبى تەرەققى قىلىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ » .

ئابدۇلمەجىد زىندانى « مانامۇشۇنداق بولغان ئىكەن،خىرىستىيانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگىدەك قىيىن مەسىلە نەدە..؟! ئۇلار( ئاتا-ئانىسىز بىر ئورگانىزىمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ) دەيدۇ ، بۇ مەسىلە بىز يۇقۇردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جىنسىز كۆپىيىدىغان ئورگانىزىملارغا قىياس قىلىنسا.. ئۇلارنىڭ نوقۇل نەزىرىيەلىرى ئەھمىيتىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە الله پۇلاتتەك پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ، ئۇلار ئىمان كەلتۈردىغان ، ئاتا-ئانىسىز ۋۇجۇدقا كەگەن ئادەمنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتتى ، خىرىستىيانلار ، ئاتا-ئانىسىز جانلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس دەيسىلەر ، الله سىلەرگە ، سىلەر بىلدىغان ۋە ئىمان كەلتۈردىغان ، ئاتا-ئانىسىز ۋۇجۇدقا كەلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتتى، الله قۇرئاندا: (إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِنْدَ اللَّهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ) (آل عمران:59) « ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە، پەيغەمبەر [ئىسا]نىڭ ، ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى ، ئادەم ئاتىنىڭ ئاتا-ئانىسىزيارىتىلغانلىقىغا ئوخشاپ كىتىدۇ، ئادەم ئاتىنى ، الله تۇپراقتىن ياراتتى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ( ۋۇجۇدقا كەل) دېدى-دە ۋۇجۇدقا كەلدى » ( س/ ئال ئىمران: 59ئا)دېگەن .

الله نىڭ خاھىشى بىلەن قۇرئاندا كەلگەن ھەقىقەتلەرنى ئىسپاتلاشقا ، پاكىتنىڭ ئۈستىگە پاكىتلارنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئىلىم-پەن تەرەققى قىلىپ ، جىنسىز كۆپىيىدىغان ئورگانىزىملار بايقالدى، مانا مۇشۇنداق قىلىپ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ بۈيۈكلىگى ۋە مۆجىزىلىگى نامايەن بولۇشقا باشلىدى ، بۇھەقىقەت نۆۋەتتىكى ئاتاغلىق ئالىملارغا ، كۇنسىرى ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ ۋە شۇنداقلا كەلەچەكتىكى ھەقىقەتكە ئىنتىلگۈچى ئالىملارغىمۇ ئايدىڭلاشقۇسى . قۇرئان كەرىم بولسا ، ئالىملار ، ئۇنىڭدىن مەرىپەت ئېلىپ قانمايدىغان ۋە ئىچىدىكى مۆجىزە خارەكتىرلىك ئىلىم-مەرىپەتلەر چەكلىنىپ قالمايدىغان ، ئالۇمشۇمۇل كىتاپتۇر.

الله قۇرئاندا :( وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا العِلمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ العَزِيزِ الحَمِيدِ{6} « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولغا يىتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » — دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 14– قسىم

## ( دېڭىز– ئوكيان ۋە قۇرئان كەرىم )

الحمد لله رب العالمين، وأصلي و أسلم على سيدنا ، محمد صلى الله عليه وسلم، وعلىآله و صحبه أجمعين و بعد...

ئابدۇلمەجد زىندانى « قۇرئاندىكى ئىلمى مۆجىزلەر تا– قيامەتكىچىلىك ، ئۈزلۈكسىز پىكىلىنىپ تۇرىدىغان مۆجىزلەردۇر، بۇ مۆجىزلەرنى ھەرخىل دەۋرلەردە ، خىلمۇ–خىل مەدىنىيەت سەۋىيىسىدە ياشىغان كىشىلەر ، ھېچقاچانچە كۆچ سەرپ قىلماي چۈشۈنۈپ ئالالايدۇ، تاغلاردا ياشايدىغان بەدۋىلەر قۇرئاندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپتالايدۇ ۋە شۇنداقلا ئالى مەكتەپلەردىكى پروفېسسورلارمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالايدۇ.

بۇ كىشى [ ئوكيان گېئولوگىيىسى ] ساھەسىدىكى ئاتاغلىق ئالىم ، پروفېسسور [ دەرگا بەرساد راۋ] بولدۇ ھازىر جىددە شەھىرىدىكى ، پادىشا ئابلىئەزىز داشۆسىدە ئوقۇتقۇچۇلۇق قىلىدۇ ، بىز بۇ پروفېسسور بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ، قۇرئان ۋە ھەدىسلاردىكى ئىلمى مۆجىزلەرگە ئائىت بىر نەچچە ئايەتلەرنى ، ئۇنىڭغا كۆرسەتتۇق ، ئۇ قۇرئاندىكى ئىلمى مۆجىزلەرگە ئائىت ئايەتلەرنى ئاڭلاپ ۋە بۇ ھەقتە بەزى كىتاپلارنى ئوقۇپ ، ناھايىتى ھەيران بولدى ۋە كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىن سۈرە [نۇر]دىكى: ( أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا وَمَنْ لَمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُوراً فَمَا لَهُ مِنْ نُورٍ) (النور:40)

« ئۇلارنىڭ ياخشى دەپ گۇمان قىلغان قىلمىشلىرى ، چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشايدۇ، ئۇ چوڭقۇر دېڭىزنى قاتمۇ–قات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلار ئۈستىدىكى بولۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ، مانابۇ قاتمۇ–قات قاراڭغۇلۇقلاردۇر ، بۇ قاراڭغۇلۇقتا گىرىپتار بولغۇچى قولنى چىقارسا كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا ، كىم بولسۇن نۇرنى كۆرەلمەيدۇ »( س/ نۇر: 40ئا) دېگەن ئايەتنى پروفېسسور ئىزاھلاشقا باشلاپ ( شۇنداق... قۇرئان تىلغا ئالغان قاراڭغۇلۇقلارنى ، ئالىملار سۇ ئاستى پاراخۇتلارنى ئىشلىتىپ ، دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە چۆكەلىگەندىن كېيىن بايقاپ چىقالىدى ، ئىنسانلار ئادەتتە بىرەر سايماننى ۋاستە قىلماي،20–30 مېتىردىن ئارتۇق چۆكەلمەيدۇ ، ئارال رايۇنلاردا مەرۋايىت ئۈچۈن دېڭىزغا چۆكىدىغانلارمۇ ، مۇشۇ چوڭقۇرلۇقتىن ئارتۇق چۆكەلمەيدۇ ، ناۋادا ئىنسانلار قاراڭغۇلۇق بار 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقا چۆكسە ، ھايات قېلىشى مۇكىن ئەمەس ، بۇئايەت بولسا ، چوڭقۇردېڭىزدا بولىدىغان ھامەسىلە ھەققىدە سۆزلىگەن ، شۇڭا الله قۇرئاندا ( چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقا ئوخشاش ) دەپ تەسۋىرلىگەن ، ئاندىن قۇرئان كەرىم قاراڭغۇلۇقلارنى ، قاتمۇ–قات دەپ

تەسۋىرلىگەن ، چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقلار ، ئىككى خىل سەۋەپ تۈپەيلى كەپ چىقىدۇ، بۇ ئىككى سەۋەپ دېڭىزنىڭ ئوخشاشمىغان قەۋەتلىرىدە ، رەڭلەرنىڭ يوقاش نەتىجىسىدىن كىلىپ چىقىدۇ، ئەگەر نۇر سۇ ئۈستىگە چۈشسە دەل 7- خىل رەڭگە بۆلىنىدۇ، (14- رەسىمگە قاراڭ)، دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۈشكەن نۇرغا قارايلى ، دېڭىزنىڭ يۇقۇرقى قىسمىدا ، تەخمىنەن دېڭىز يۈزدىن 10-مېتىرچە ئارلىقتا ، قىزىل رەڭ سۈمرىلۋېلىنىدۇ ، ناۋادا غەۋۋاس 30- مېتىر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ ، جىسمى يارلىنىپ قان چىقسا ، چىققان قاننى كۆرمەكچى بولسا ، كۆرەلمەيدۇ ، چۈنكى بۇ جايىدا ، قىزىل نۇر بولمايدۇ، 30- مېتىردىن كېيىن قىزغۇچ سېرىق رەڭ سومىرۋېلىنىدۇ، 50- مېتىر چوڭقۇرلۇقتا سېرىق رەڭ سۈمۈرىلىشى باشلىنىدۇ ، 100- مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يېشىل رەڭ سۈمىرۋېلىنىدۇ، 200- مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆك رەڭنىڭ سۈمۈرۋېلىنغانلىقىنى كۆرمىز دېمەك يېشىل رەڭ قاراڭغۇلۇقى 100-مېتىردا چوڭقۇرلۇقتا ، سېرىق رەڭ قاراڭغۇلۇقى 50-مېتىردە ، ئۇنىڭدىن ئىلگىركى قىزغۇچ سېرىق رەڭ ، قاراڭغۇلۇقى ۋە قىزىل رەڭ قاراڭغۇلۇقى يۈز بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ھەممىسى قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقنى ھاسىل قىلدۇ، ئەمما ئىككىنچى سەۋەپ ئاسماندىن كەلگەن نۇرلارنىڭ سۇندۇرلۇش نەتىجىسىدە كەپ چىقىدۇ، بىز كۆرۋاتقان بۇ نۇرلار قوياشتىن كەلگەن بولۇپ ، بەزى قىسمى بۇلۇتلار تەرپىدىن سۈمۈرۋېلىنسا، بەزى قىسمى ، بۇلۇت تەرپىدىن سۇندۇرلۇش بىلەن بۇلۇت ئاستىدا قاراڭغۇلۇق ھاسىل بولىدۇ ، مانابۇ بىرىنچى قاراڭغۇلۇق ، قوياش نۇرى دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز يۈزىگە چۈشسە دولقۇن يۈزىگە ئەكس نۇر قايتۇرىدۇ، شۇڭا دېڭىزدا ، دولقۇنلار پەيدا بولسا ، دولقۇن يۈزنىڭ ئىگىلىشىگە بويچە چاقناش پەيدا بولىدۇ، دېمەك دولقۇن نۇرنىڭ ئەكس نۇر قايتۇرشىغا سەۋەپ بولىدۇ، بۇ قارڭغۇلۇقنىڭ يەپدا بولىشىغا سەۋەپ بولۇش دېمەكتۇر ، ئاندىن نۇر دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چوشىدۇ، بۇ چاغدا بىز دېڭىزنىڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرمىز ، دېڭىزنىڭ يۈزى قىسمى ۋە چوڭقۇر قىسمى دېڭىز يۈزى قىسمىدا نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئېنىرگيەسى بولىدۇ، ئەمما چوڭقۇر قىسمى ھەم قاراڭغۇ ھەم سوغاق بولىدۇ ، بۇ ئىككى خىل دېڭىز تەركىب ۋە خۇسۇسيەت جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، دېڭىزنىڭ يۈزى قىسمى بىلەن چوڭقۇر قىسمىنى دولقۇن ئايرىپ تۇرىدۇ، مانابۇ قۇرئان تىلغا ئالغان دېڭىز ئاستىدىكى دولقۇن بولوپ ، 1900- يىلى بايقالغان ، دېڭىزنىڭ يۈزى قىسمى بىلەن چوڭقۇر قىسمىنى ئايرىپ تۇرغۇچى دولقۇننىڭ ئاستىدا ، ناھايىتى چوڭقۇر دېڭىز بولۇپ ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇق بۇيەردىن باشلىنىدۇ، ھەتتا بۇ رايۇندا ياشىغان بېلىقلار كۆزى كۆرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ جىسمىدا، نۇر چىقىرىش مەنبەسى بولۇپ ، بۇ قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقتا ، نۇر قويۇپ بېرىدۇ ، بۇ قاراڭغۇلۇق ، ﷲ نىڭ :( أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ ) « ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى قاتمۇ-قات دولقۇنلار قاپلاپ تورغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشايدۇ » دېگەن ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ، رەسىمنىڭ تۆۋەن تەرپىگە نەزەر سالساق ، قاراڭغۇلۇقنى كۆرمىز ، بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۈستىگە قارىساق ، دېڭىزنىڭ يۈزى قىسمى بىلەن چوڭقور قىسمىنى

ئايرىپ تۇرغان دولقۇننى كۆرمىز، ئايەت بۇنى:" يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ" « قاتمۇ–قات دولقۇن » دەپ تەسۋىرلىگەن ، يەنى بىر قات دولقۇننىڭ ئۈستىدە يەنە بىرقات دولقۇن باردۇر ، بۇ دېڭىز يۈزىدىكى دولقۇننى مەقسەت قىلدۇ، قۇرئان تەسۋىرلىگەن بويىچە دولقۇنلار ئۈستىدە ، بۇلۇتلار ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قاتمۇ–قات قاراڭغۇلۇقلار ، الله بۇقاراڭغۇلۇقنى:( إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا وَمَنْ لَمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُوراً فَمَا لَهُ مِنْ نُورٍ)(النور: من الآية40) « بۇ قاراڭغۇلۇقتا گىرىپتار بولغۇچى قولنى چىقارسا كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا ، كىم بولسۇن نۇرنى كۆرەلمەيدۇ » دەپ تەسۋىرلىگەن ، بۇ رايۇندا قاتتىق قاراڭغۇلۇق بولۇپ ، مۇشۇ مۇساپىگىچىلىك چوككەن سۇ ئاستى پاراخۇتلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا يولنى كۆرۈش ئۈچۈن يۇرۇتۇش سايمانلىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، مۇشۇ ئەھۋاللارنى تەسۋىرلىگەن ئايەتلەر پەيغەمبەر( مۇھەممەد) كە نەدىن كەلگەن..؟! ».

مانابۇلار پروفېسسور [دورگاراۋ] نىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگىنى ، ئاندىن بىز ئۆزئارا، ئۇمۇتەخەسسىس بولغان ئوكيانشۇناسلىقتا ئائىت قۇرئان ئايەتلىرىنى بىر قۇر مۇھاكىمە قىلدۇق ، ۋە ئۇنىڭدىن « پروفېسسور ..! قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ( ئىلمى ھەقىقەت) لەردىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى نىمە دەپ چۈشەندۈر سىز..؟ پەيغەمبەر(مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالام 1400 يىل بۇرۇن بۇ ھەقىقەتلەرنى قايسى مەنبەگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرغا چىقارغان ..؟ » دەپ سورىدۇق ..

ئۇ جاۋاپ بېرىپ « مۇشۇ خىلدىكى ئىلىم–مەرىپەت 1400– يىل ئىلگىرى بار ئىدى دەپ پەرەز قىلىشنىڭ ئۆزىلام ناھايىتى بىر قېيىن مەسلە ، قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەر ئامباب كۆز قاراشلارنى بايان قىلغان ، ئەمما ئوكيانشۇناسلىقتا ئائىت مەسىللەرنى بۇ تەرىقىدە تەپسىلى تەسۋىرلەپ بېرىش ناھايىتى قېيىن ، شۇڭا بۇ جەزمەن ئىنسانى مەلۇمات ئەمەس ، ئۇ زاماندىكى ھەرقانداق بىر شەخس ئوكيانشۇناسلىقتا ئائىت بۇ مەسىللەرنى ، مۇشۇنداق تەپسىلى ھەم ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ باردەپ ئۆيلۈدۈم ، بۇ مەلۇماتلار جەزمەن تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنبەدىن كەلگەن » دېدى.

ئابدۇلمەجىد زىندانى شۇنداق..، پروفېسسور [ راۋ] دېگەندەك بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى ئىنسان ياكى تەبىئەتتىن دەرىجىسىدىن يۇكسەك بولغان، بىر تەرەپتىن بولۇشى كېرەك، بۇ مولۇماتلار تەبىئەتتىن تاشقىرى ۋەشۇ زاماندىكى ئىنسانىيەت سەۋىيىسىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ، پروفېسسور [ راۋ] بۇ مەلۇماتلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىرەر جانلىقنىڭ مەلۇماتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېمەكچى ، ھەقىقەتتىمۇ شۇنداق ، بۇ مەلۇماتلار تەبىئەتنى ۋە بارلىق كائىناتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغان الله تەرىپىدىندۇر ، الله قۇرئاندا: ( قُلْ أَنْزَلَهُ الَّذِي يَعْلَمُ السِّرَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ)(الفرقان: من الآية6) « ئى مۇھەممەد ..! بۇ قۇرئاننى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله نازىل قىلدى دېگىن »[ س/پۇرقان:6–ئا]

دېگەن .

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ، بۇ قۇرئاننىڭ يېڭىلىنىپ تۇردىغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنىڭ پاكتى ئۇنىڭدىكى ( ئىلىم-مەرىپەت ) ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئالەم شۇمۇل ھىدايەت خارەكتېرلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ، ھەر ساھەدىكى پەننى خادىملار ۋە ئالىملار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۇۋاھلىق بەردى.

الله قۇرئاندا:( وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6}« ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۇيۇك الله نىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » – دېگەن. [ س/ سەبە: 6- ئا].

# 15- قسىم

## ( دېڭىز هادىسىلىرى ئىلىم- پەن نەتىجىلىرى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى ئوتتۇرىسىدا)

پروفېسسور [ شىرويدىر] « شەيخ زىندانى، ئىلىم-پەن ئەمىلىيەتتە، قۇرئان دەپ ئۆتكەننى تەكىتلەيدىغانلىقىنى ۋە تۆۋەتتىكى ئالىملار يېڭىدىن بايقىغان ئىلمى ھەقىقەتلەرنى، قۇرئاننىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى دەپ ئۆتكەنلىكىنى » بىزگە كۆرسىتىپ قويىدى ..

ئابدۇلمەجىد زىندانى : الحمد لله رب العالمين، وأصلي و أسلم على سيدنا ، محمد صلى الله عليه وسلم، وعلى آله و صحبه أجمعين و بعد...

بۇ كىشى غەربى گېرمانىيەدىكى ئوكيانشۇناس ئالىم پروفېسسور[ شىرويدىر] بولىدۇ.

بىز بۇ پروفېسسور بىلەن ، جىددە شەھرىدىكى پادىشا ئابدۇلئەزىز ئونىۋېرستىتىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرشىدا ئوكيانشۇناس ئالىملىرى ئۆچۈن ئېچىلغان كېڭەش يىغىنىدا ئۇچراشقان ئىدۇق، بۇ يىغىندا مەندىن ( دېڭىز ھادىسلەرى ئىلىم-پەن بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى ئوتتۇرسىدا ) دىگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش تەلەپ قىلىندى .

مەن نۇتۇقنى سۆزلەپ بولۇپ ، ئىككىنچى كۈنى پروفېسسور[شىرويدىر] ئىلمى باھالۇغۇچى سۇپىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ « مەن تۈنۈگۈن شەيخ ( زىندانى) سۆزلىگەن نۇتۇق توغۇرلۇق ، ئازراق سۆز قۇشۇشنى خالايمەن ۋە شۇنداقلا بۇ خىلدىكى نۇتۇقنى ، مۇشنىڭغا ئوخشاش ئىلمى يىغىن قۇرۇلمىسىدا ، قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىمنى ئېتىپ قۇيۇشنى خالايمەن ، مەن بىر خىرىستىيان بولۇش سۈپىتىم بىلەن قارشىمچە ، ئىنسان پەقەت مۇسۇلمان بولۇشقىلا مۇھتاج ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ، ئىلىم-پەننى ھازىرقى ھالىتىدە ئەمەس ، ناھايىتى كەڭ دائىر ئىچىدە كۆرۈپ، دىن بىلەن سىلىشتۇرۇش ، دىنى قۇرۇلمىدا كۆرۈشتۇر » .

ئابدۇلمەجىد زىندانى « ئاندىن پروفېسسور[ شېرويدىر] دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىنى بايان قىلىشقا باشلاپ ، دىنلار بىلەن ئىلىم -پەن ئوتتۇرسىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق كەسكىن جىدەل-ماجرا توغۇرلۇق سۆزلىدى ، چۈنكى بەزى دۆلەتلەردە ئىلىم-پەن خادىملىرى بىلەن دىنى زاتلار ئوتتۇرسىدا ئۇزىئارا كىلىشەلمەسلىك داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ىراق پروفېسسور قۇرئان ئايەتلىرىنى ۋە بۇ كىتاپ 1400 يىل بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىلمى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدى»

پروفېسسور[شرويدىر]:- « كۆپىنچى دىنلار ھەققىدە ، رەھبەرلەر ئىلىم- پەن دىنىدىن بەزى نەرسىنى ئالالايدۇ، ئىلىم- پەن يۈكسەلسە ، دىن ئارقىغا چېكىنىشى كېرەك ، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى ئۇچۇرتمىز ، ئەمما بۇ

يەردە بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ ئوتكەنلىرىمىز پۈتۈنلەي ئەكسىچە ، شەيخ [ زىندانى ] نى، ئىلىم–پەن ئەمەلىيەتتە قۇرئان دېگەننى تەكىتلەيدىغانلىقىنى ۋە نۆۋەتتىكى ئالىملار يېڭىدىن بايقىغان ئىلمى ھەقىقەتلەرنى، قۇرئاننىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى دەپ ئۆتكەنلىگىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويىدى ، مۇشۇنداق بىر ئىلمى كىشىش يىغىنغا نىسبەتەن ، مۇشۇلارنىڭ خەلقئارادىكى بارلىق ئالىملارغا ، يەتكۈزۈلۈشى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايمەن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، بىز ۋەتەنلىرىمىزگە قايتقىنىمىزدا ، ئوكيانشۇناسلىق ئىلمى بىلەن ، دىن ئوتتۇرسىدىكى ئالاقە توغۇرلۇق ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىمىز، بۇ يەردە ، دىن بىر تەرەپتە، ئىلىم – پەن بىر تەرەپتە دىگەن ئۇقۇم يوق» .

ئابدۇلمەجىد زىندانى « نۆۋەتتە ئالىملار بايقاپ چىققان ئىلمى ھەقىقەتلەرنى قۇرئان كەرىمنىڭ 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىگى نامايەن بولماقتا ، بىزنىڭ بۇ يەردە زىيالىلىرىمىزغا قۇيىدىغان سوئالىمىز، بۇ مەلۇمەتلار بىلەن پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنى كىم خەۋەرلەندۇرگەن..؟، پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەلۇماتلارنى كىم ۋەھى قىلغان..؟ ، مانابۇ ، نۆۋەتتىكى مەيلى ئاستورنوم بولسۇن ، مەيلى ئوكيانشۇناس بولسۇن ، مەيلى بىئولوگ بولسۇن ، ۋە مەيلى قايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىس بولسۇن بارلىق ئالىملىرىمىز بولىدىغان ، قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شېرىپ 1400 يىل بۇرۇن ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن قۇرئاندىكى ئىلمى پاكىتتۇر ۋە ئىلمى مۆجىزىدۇر.. پروفېسسور [ شرويدېر ] بۇ ھەقتىكى ئىلمى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇ مەسىلە توغۇرلۇق توختۇلۇپ ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچى بىلەن مۇنداق دەيدۇ:–« بۇ يەردە ، دىن بىر تەرەپتە ، ئىلىم – پەن بىر تەرەپتە دىگەن ئۇقۇم يوق ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۆزئارا سۆزلەشمەيدىغان كىشىلەر بولمايدۇ.. بەلكى بارچە كىشىلەر بىر يولنىكە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ.. شەيخ [ زىندانى ئىزاھلاپ ئۆتكەندەك ، ئۇلار ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدا ئوخشاشمىغان تىللاردان ئىلمى تىللاردا ، ئوبيېكتىپ تىللاردا ئوخشاشلا بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ..»

ئابدۇلمەجىد زىندانى« پروفېسسور ، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىك ئىدىيسىدە ، بۇلۇپمۇ ئىلمى جەمئىيەتلەردىكى ئىلمي خادىملار ئىدىيسىدە ، دىن بىلەن ئىلىم – پەن ئوتتۇرسىدىكى ، كونكرېت ئالاقە ئېنىق بۇلۇش ۋە ئۇلارنىڭ بۇنى تىل چەكلىمىسىگە ئۇچۇرماستىن چۈشۈنۈپ يېتەلىشى ئۈچۈن، قۇرئاندىكى ، بۇ ئىلمى ھەقىقەتلەرنى بارلىق تىللاربىلەن دۇنياغا تۇنۇشتۇرۇلۇشنى كەسكىن تەلەپ قىلۋاتىدۇ ، شۇنداق ئىسلام دىنى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قالغان بىردىن– بىر دىندۇر ، غەرەزلىك بۇرمىلاشتىن ساقلىنىپ قالغان ئىلىم– پەن بىلەن دىن بىر يەردىنچىقىدۇ.

ئىسلامغا ئوخشاش ، ھەقىقى توغرا دىن ئىلىم–پەنگە يۇرۇش قىلىشقا سەپەرۋەلىك قىلىدۇ، اللہ قۇرئاندا : (قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لا يَعْلَمُونَ)(الزمر: من الآية9) « بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ، بىلىمسىز كىشلەر اللہ نىڭ نەزىردە ھەرگىزمۇ باراۋەر بولالمايدۇ» ( س/ زۇمەر: 9ئا)دېگەن.

يەنە بىر ئايەتتە: (فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ)(محمد: من الآية19 ) « بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەنلىكتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ، ئىلمى ئاساستا تونۇپ يېتىڭلار » ( س/ مۇھەممەد:19ئا) دېگەن .

ۋە يەنە بىر ئايەتتە(قُلِ انْظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ)(يونس: من الآية101) « ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ، نېمەلەرنىڭ بارلىقىغا ئىنچىكىلەپ ئەستايىدىل نەزەر سېلىڭلار » ( س/ يۇنس: 101ئا)دېگەن .

يەنە بىر ئايەتتە : (إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ{3} وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ{4} وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ{5} تِلْكَ آيَاتُ اللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ{6} ( سورة جاسية، الآية: 3-6)

« ھەقىقەتەن ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ، مۆمىنلەر ئۈچۈن الله نىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان ، سىلەرنىڭ قۇرۇلمىڭلاردا ۋە بارلىق جانلىقلاردا ، الله نىڭ قۇدرىتىغا ھەقىقى ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تورۇۋۇك پاكىتلار بار ، كېچە-كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ،الله نىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆلۈنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا ، ئاقىلانە كىشىلەر ئۈچۈن الله نىڭ قۇدرىتىنى، بىلدۈرىدىغان ھەرخىل دەلىللەر باردۇر ، ئى مۇھەممەد ..! مانا بۇلار الله نىڭ قۇدرىتىغا ، بىردىن-بىر، بۈيۈك زات ئىكەنلىكىگىنى دەلىللەيدىغان الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر ، بىز بۇلارنى ساڭا ھەققانىيەت بىلەن ئوقۇپ بىرىمىز ، ئاشۇلار ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله غا ۋە ئۇنىڭ كالامىغا ئىشەنمىسە ، ئۇنىداقتا قايسى بىر پاكىتقا ئىشىنەر ...؟! » ( س/ جاسىيە: 3- 6ئا)دېگەن .

ئىسلام دىنى، بىزنى ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىشقا تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە ، ئەتراپىمىزدىكى ، كائىناتلارغا ، تەپەككۇر نەزىرىمىز بىلەن قاراپ ئىزدىنىشىمىزگە بۇيرىدۇ، ئىلىم-پەن بۇ ھەق دىن ئالدىدا بېشىنى ئەگمەكتە ، شۇنداق قىلىپ الله نىڭ خاھىشى بىلەن ، بىز ئىلىم-پەن جەم بولىدىغان يېڭى ئۆتكۈنچى دەۋر ئالدىدا تۇۋاتىمىز، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ئىلاھى چىن ھەقىقەتنى نۆۋەتتىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چۈشەنەلىشى ۋە كىشىلەر ئىدىيىسىدە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن ، بۇرمىلانمىغان ھەق دىن بىلەن بۇرمىلانمىغان ئىلىم- پەن ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز .

الله قۇرئاندا : ( وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ{6} « ئىلىم- مەرىپەت ئاتا قىلىنغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ بەرھەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاشقا لايىق ، ھەممىگە غالىب بۈيۈك الله نىڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىدۇ » — دېگەن . [ س/ سەبە: 6- ئا].

# خاتىمە

ئابدۇلمەجىد زىندانى « قۇرئان كەرىم بولسا ، داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇردىغان ، ئىلىملىكى بىلەن تا–قىيامەت قىيىن بولغىچە ، دەۋران سۇرىدىغان قۇلىمىزدىكى نەق پاكىتتۇر ،

1400 يىل بۇرۇن سەھرادىكى بەدۋىلەر قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلىپ ، ئۇنىڭدا ﷲ نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ، [ﷴ ]ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇردىغان ، ئىلاھى ئىلىم –مەرىپەتنى تاپتى .

نۆۋەتتىكى ئالىملارمۇ ، قۇرئاندىكى ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت ئايەتلەرنى تەھلىل قىلىپ، بۇ قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ كالامى ئىكەنلىگىنى ۋە[ﷴ]ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇردىغان ، ئىلاھى ئىلىم –مەرىپەتنى پەيدىن–پەي ئۇچراتماقتا ، بىز ئۆتكەنكى قىسىملاردا بىر نەچچە خەلقئارالىق ئالىملارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق ، بەزىسى « قۇرئاندىكى بۇ مەلۇماتلار ، ئىنسانى مەنبەدىن بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس » دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ، بەزىسى « بۇ مەلۇماتلار تەبىئەتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن » دېدى.

ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى تەمكىنلىك بىلەن « بۇ مەلۇماتلارجەزمەن ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن » دېگەنلىكنى جامائەتچىلىك ئالدىدا جاكارلىدى ۋە بەزىسى ئىماننى تاكامۇللاشتۇرسا ، يەنە بەزىسى ، ئىسلامغا كىرگەنلىكنى ئېلان قىلدى.

شۇنداق قۇرئان كەرىم قولۇمىزدىكى مەڭگۈلۈك مۆجىزە ، ﷲ قۇرئاندا : ( قُلْ أَيُّ شَيْءٍ أَكْبَرُ شَهَادَةً قُلِ اللَّهُ شَهِيدٌ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَذَا الْقُرْآنُ لِأُنْذِرَكُمْ بِهِ وَمَنْ بَلَغَ )(الأنعام: من الآية19)

« ئى مۇھەممەد ! سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭدىن ، شەكلەنگەن كىشىلەرگە ئېيتقىنكى ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىغا ، گۇۋاھ بولىدىغانىغا ، قايسى بىر كىم ئەڭ چوڭ گۇۋاھ بولالايدۇ؟ ، ﷲ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە گۇۋاھ بولىدىغان ، ئەڭ بۈيۈك گۇۋاھچىدۇر ، بۇ قۇرئان ماڭا ، سىلەرنى ۋە سىلەردىن كېيىنكى ، قىيامەتكىچە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ۋەھى قىلىندى »(س/ئەنئام: 19–ئا). دېگەن.

بۇ قۇرئاننىڭ ھەقلىغى كىمگە ئايدىڭلاشسا ، ئۇ كىشىگە ، بۇ ھەقىقەتە گۇۋاھچى بولۇش ۋە باشقا كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

بۇ گۇۋاھلىقنىڭ خاراكتېرى بولسا ، ﷲ نىڭ كىتاۋىدىكى ھەر بىر ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى گۇۋاھلىقتۇر ، ھەر بىر ئايەت ئىلاھى ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئالىملار ئوخشاشمىغان ئەسىرلەردە،

ھەرخىل پەنلەردە يۈكسەلدۇ ، ھەربىر ئەسىردە ، شۇ ئەسىرنىڭ ئالىملىرى قۇرئاندا ، تىلغا ئېلىنغان ، يېڭى كەشپىياتلارنى بايقاپ چىقىدۇ، ﷲ : (لَكِنِ اللَّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنْزَلَ إِلَيْكَ أَنْزَلَهُ بِعِلْمِهِ)(النساء: من الآية166)

« ...ﷲ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق ، سېنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ﷲ بۇ قۇرئاننى ئۆز ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى» ( س/نىسا: 166ئا) دەيدۇ .

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىگى ھەربىر ئەسىردە ياشىغان ، كىشلەرگە ماس ھالدا يېڭلىنىپ تۇرىدۇ، ﷲ قۇرئاندا: ( لِكُلِّ نَبَأٍ مُسْتَقَرٌّ وَسَوْفَ تَعْلَمُونَ) (الأنعام:67) « ﷲ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار ، ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر..» ( س/ ئەنئام:67ئا)دېگەن.

تەپسىرشۇناس ئالىم ( ئىبنى جەرىر) بۇ ئايەتنى ئىزاھلاپ « ﷲ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار ، يەنى ھەر بىر خەۋەرنىڭ ئەمەللىشىدىغان مۇئەييەن بىر ۋاقىت بار ، شۇ ۋاقتى كەلگەندە بۇ خەۋەرنىڭ ھەقلىقى ۋە راستلىقى نامايەن بولىدۇ، ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر..، يەنى قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچىلار قۇرئاندىكى مەلۇماتلارنىڭ ، ھەم ھەق ھەم توغرا ئىكەنلىگىنى بىلىپ قالىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» ( تەپسىر تىبرى : 327/7) دېگەن .

تەپسىرشۇناس ( ئىبنى ئاباس ) بۇ ئايەت ئۈستىدە توختۇلۇپ« قۇرئاندىكى ھەربىر مەلۇماتنىڭ ھەقىقىتىنى، بىر زامانلاردىن كېيىن بولسىمۇ[ﷲ ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر] دېگەندەك چۇقۇم مەيدانغا كېلىدۇ» دېگەن .

مانابۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ قۇرئاندا قىلىنغان ۋەدىلەرنى ، چۈشنۈشى، ھەدىسشۇناس (ئىبنى جەرىر) فەتھىلبارى دېگەن كىتاۋىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :"مَا مِنْ الْأَنْبِيَاءِ نَبِيٌّ إِلَّا أُعْطِيَ مَا مِثْلُهُ آمَنَ عَلَيْهِ الْبَشَرُ وَإِنَّمَا كَانَ الَّذِي أُوتِيتُ وَحْيًا أَوْحَاهُ اللَّهُ إِلَيَّ فَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَكْثَرَهُمْ تَابِعًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ" «بارلىق پەيغەمبەرلەر بەزى مۆجىزىلەر بىلەن قورانلاندۇرولدى ۋە شۇنىڭغا يارىشا كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى ، ئەمما ماڭا بېرىلگىنى بولسا ، ﷲ ماڭا ۋەھى قىلغان ۋەھىدۇر ، قىيامەت كۈنى ، پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىمەن » دېگەن ھەدىسىنى ئىزاھلاپ « قۇرئان كەرىمنىڭ ، ستىلىستىكىلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بولۇشى ۋە كەلەچەكتىن خەۋەر بېرىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مۆجىزىلىگى تا قىيامەتكىچىلىك داۋاملىشىدۇ، ھەر بىرئەسىردە، قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى مەيدانغا كېلىش بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ،كىشىلىك ئۇقۇمىنى ئالغا سۈرىدۇ » دېگەن.

ﷲ قۇرئاندا :(سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ) (فصلت:53) « قۇرئانغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە ، تاكى قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق

كىتاپ ئىكەنلىگى ھەققى ئېنىق بولىغچىلىك ، ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قورۇلمىللىرىدىكى ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى دەلىللەيدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز ، ئۇلارغاسېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىگىڭنىڭ پاكتى بولۇشقا ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇردىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ.....؟» (س/فۇسسلەت:53) مانابۇ ، قۇرئاندىكى ئۆزلىكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، بۇ مۆجىزىلەر ، قۇرئاننىڭ ، الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بەرھەق كىتاپ ئىكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ، مىسلىسىز مۆجىزىلىگى بىلەنكىشلەر ئارىسىدا مەڭگۈ دەۋر سۇرىدىغانلىقى ھەققىدە الله نىڭ ۋەھىسىدۇر.

تەپسىرشۇناسلارمۇ ، بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق ئىزاھلىغان ، ئالىم [شەۋكانى ] الله نىڭ :(سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ) دېگەن ئايىتىنى « يەنى پات ئارىدا ، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنىڭ پاكىتىنى ۋە ئۇنىڭ الله نىڭ كالامى ئىكەنلىگىنىڭ ئالامىتىنى ئۇلارغا ، ئۇپۇقتا ۋە ئۆز جىسىملىرىدا كۆرسىتىپ قويىمىز ، دېگەنلىك بولىدۇ » ( فەتھەلقەدىر : 4/ 523) دەپ ئىزاھلىغان .

تەپسىرشۇناس [ ئىبن كەسىر ] الله نىڭ ( سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ ) دېگەن ئايىتىنى ئىزاھلاپ « قۇرئاننىڭ الله تەرىپىدىن (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ھەق كىتاپ ئىكەنلىكىگە ، ئۇپۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى پاكىتلىرىمىزنى پات يېقىندا كۆرسىتىمىز دېگەنلىك بولىدۇ » ( ئىبنى كەسىر:4/157 ) دېگەن .

تەپسىرشۇناس [زەمەخشەرى] بۇ ئايەتنى ئىزاھلاپ « ئۇپۇقلاردا ۋە ئىنسان قۇرۇلمىللىرىدا ، الله نىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىشتەك الله نىڭ بۇ ۋەدىسىنى ، ئىنسانلار پات ئارىدا كۆرۈپ ، قۇرئاننىڭ ھەممى بىلگۈچى ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى تونۇپ يىتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ » ( كەششاپ: 396/3)دېگەن .

ئاتاغلىق ئالىم ، ئىسلام ئىسلاھاتچىسى [ ئىبن تەيمىيە] الله نىڭ « قۇرئانغا شەك كەلتۈرگىچىلەرگە ، تا — قۇرئاننىڭ بەرھەق ، الله نىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگى ئېنىق بولىغچىلىك ، ئاسمانلاردىكى ، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىكى الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز » دېگەن ، ئايىتى ئۈستىدە توختۇلۇپ « ئىنسانلار ، پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن الله تەرىپىدىن قىلىنغان ۋەھىنىڭ ، بەرھەق ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇپۇقلاردىكى ۋە ئۆز قۇرۇلمىللىرىدىكى ، ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ » ( فەتۋا: 14/ 189) دەپ ئىزاھلىغان .

ھەر دەۋرىلەردە نامايەن بولىۋاتقان ، قۇرئاندىكى ئىلمى مۆجىزىلەر بولسا ، الله نىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ۋەدىسىدۇر، بۇرۇنقى ئالىملار ۋە تەپسىرشۇناسلارمۇ مۇشۇنداق چۈشەنگەن ، مۇسۇلمانلار، قۇرئاننىڭ مۆجىزلىگى ئەۋلادتىن –ئەۋلادقىچە تا قىيامەتكىچىلىك يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا جەزمەن ئېشىنىپ كەلمەكتە..

نۆۋەتتە نامايەن بولۋاتقان قۇرئاندىكى ئىلمىي مۆجىزلەر ، مۇسۇلمانلار بىلمىگەن ياكى قەدىمقى تەپسىرشۇناسلار كۆتمىگەن تاسادىپىي ئىش ئەمەس ، بەلكى بۇ ، قۇرئان ۋەدە قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەر ۋەدە قىلغان ، تەپسىرشۇناسلار چۈشىنىپ يەتكەن مەسىلىدۇر ، مانا ئەمدى الله نىڭ« قۇرئانغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە ، تاكى قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگى ھەقىقى ئېنىق بولىغىچىلىك ، ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىكى ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى دەلىللەيدىغان ئاللامەتلەرنى كۆرسىتىمىز ، ئۇلارغاسېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىگڭنىڭ پاكىتى بولۇشقا ، پەرۋەدىگارىڭنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇردىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ....؟! » ( س/فۇسسلەت:53ئا) دېگەن ۋەدىسى رئاللىققا ئايلاندى ، قۇرئان كەرىمنىڭ كائىناتلارغا ئائىت مەلۇماتلار بىلەن خەۋەر قىلىشى ئۈچ تەرەپلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1-: قۇرئان كەرىم ، كائىناتلارنىڭ دەسلەپتە ۋۇجۇدقا كەلگەندە نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكى بىلەن خەۋەر قىلىدۇ .

2- : قۇرئان كەرىم نۆۋەتتىكى ئالەمنىڭ كوسموگراپىلىك سىرلىرى ۋە جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق سىرلىرى بىلەن خەۋەر بېرىدۇ.

3-: قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى توغۇرلۇق خەۋەر بېرىدۇ، چۈنكى الله نىڭ نەزىردە ئۆتمۈش ، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئوخشاش ، بۈيۈك الله ئۆتمۈش ، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى تۇلۇق بىلىپ تورىدۇ، الله نىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر ، ئەجدادلىرىمىز ئاڭلىغان بىراق كۆرمىگەن بەزى ھەقىقەتلەرنى ، نۆۋەتتە بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۋاتىمىز ، ئەجدادلىرىمىز قۇرئاندىكى: (مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ) (الرحمن:19) « ئىككى دېڭىز بىر-بىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئۆزئارا ئارلىشىپ كىتىدۇ ، بۇمەزكۇر ئىككى دېڭىز ئوتتورىسدا تۇساق بولۇپ بىرى يەنە بىرگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتىكى ئىككى دېڭىز ئوتتورىسدىكى تۇساقنى [فرونت]نى ئاڭلىغان ۋە بۇ تۇساقنىڭ بارلىغىنى بىلەتتىيۇ ، بىراق كۆرەلمەيتى ، تۆرەلە ھەرخىل باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتدىغانلىقىنى بىلەتتى بىراق كۆرەلمەيتى ، جوڭقۇر دېڭىزلاردا ، قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقلارنىڭ بارلىغىنى بىلەتتى بىراق كۆرەلمەيتى ، قۇرئان ئالدىنئالا خەۋەر قىلغان ، نۆۋەتتىكى ئىلىم-پەن تېپىپ چىققان ھەقىقەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ، ئاڭلايتىيۇ بىراق كۆرەمەيتى ، ئۇلار كۆرەلمىگەن بىراق ئاڭلىغان ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى ئەمدى ھازىر بىز كۆرەلەيدىغان بولدۇق .

مانا مۇشۇلاردىن خەۋەر بەرگەن كىتاپنىڭ ئۆزى ، بىزگە كىلەچەكتىن خەۋەر بېرىپ تاكى ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگۈچىلىك ، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگۈچىلىك بولىدىغان ئەھۋاللار بىلەن خەۋەربېرىدۇ،

بۈيۈك الله دەسلەپكى ئىنساننىڭ قانداق يارتىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ : (وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ (مؤمنون: الآية 12 ) « بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ، لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق »يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام دېمەكچى :( ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَّكِينٍ{ مؤمنون: الآية 13} «ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا

قارار گاھ بولغان ، بەچچىدانغا جايلاشقان مەنى قىلدۇق » مانابۇ نۆۋەتتە كۆز ئالـدىمىزدا بولـۋاتقىنى:"( ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَاماً فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْماً ثُمَّ أَنشَأْنَاهُ خَلْقاً آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ{ مؤمنون 14}

« ئاندىن مەنىنى ، زۇلۇكسىمان بالياتقۇغا ئىيسلىپ تۇرىدىغان ئۇيۇلما قانغا تـەرەققى قىلـدۇردۇق ، ئانـدىن ئۇنى چاينىۋېتىلگەندەك پارچە گۆشكە تەرەققى قىلدۇردۇق ، ئاندىن ئۇنى سۆڭەككە تەرەققى قىلدۇردۇق ، ئاندىن ئەت قۇندۇردۇق ، ئاندىن ئۇنى ئۆزگىچە بىر مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق ، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله بۈيۈكتۇر » ( س/ مۆمىنۇن:12–14ئا) .

مانابۇ قۇرئانى خەۋر، نۆۋەتتە بولـۋاتىدۇ ۋە بىز كۆرۈۋاتىمىز، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ، باليـاتقۇدا نېمـە بولۋاتقانلىقى ، ئەجدادلىرىمىزغا نىسبەتەن غـەيبى ئىشـلارئىدى ، بىـز بۇنى ھـازىر كـۆزىمىز بىلـەن كۆرەلـەيمىز ، قۇرئان ئانمىزنىڭ قوسوقىدىكى ئۆتمۈشـمىزىدىن خەۋەر بېرىپلا توختاپ قالغىنى يوق .

بەلكى بىزنىڭ كەلگۈسىمىزدىن خەۋەربېرىپ: (ثُمَّ إِنَّكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ لَمَيِّتُونَ{15} ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تُبْعَثُونَ{16} ( سوره مؤمنون) « ئانـدىن سـىلەر چـوقۇم ئۆلۈسـىلەر ، ئانـدىن سـىلەر جەزمـەن قىيامـەت كـۈنى قەبرەڭلاردىن تۇرغۇزۇلسىلەر » ( س/ مۆمىنۇن:15–16ئا) دەيدۇ.

ئەجـدادلىرىمىزنىڭ زانانىسـىدا باربولغـان ، بـىراق ئـۇلار كۆروشـكەقادىر بولالمىغـان ، تـۆرەلمىنىڭ باسـقۇچلىرىنى ۋەبـۇ باسـقۇچلارنىڭ قانـداق تاماملانغـانلىقىنى بىـز كۆرۈشـكە قـادىر بولالىغانـدەك ، ھاياتلىق قىسـىمىزنىڭ كەلگۈسى باسقۇچلىرىنمۇ جەزمەن كـۆرمىز، تـۆرەلمىنىڭ زۇلۇكسـىمان، چاينىۋتىلگـەندەك ۋە سۆڭەككە ئەت قۇنۇش قاتارلىق باسقۇچلىرىنى ئېنىق كۆرگـىنىمىزدەك ، جەننـەتنىمۇ ، دوزاخنىمـۇ ۋە قيامـەتنىمۇ ئېنىق كۆرمىز ئاشۇلارنى ئويئوچۇق كۆرگـىنىمىزدەك كـۆرمىز ، الله قۇرئانـدا :(وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ الْأَجْدَاثِ إِلَى رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ{51} قَالُوا يَا وَيْلَنَا مَن بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا هَذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَنُ وَصَدَقَ الْمُرْسَلُونَ{52} إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ{53} فَالْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئاً وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ{54} إِنَّ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ الْيَوْمَ فِي شُغُلٍ فَاكِهُونَ{55} هُمْ وَأَزْوَاجُهُمْ فِي ظِلَالٍ عَلَى الْأَرَائِكِ مُتَّكِؤُونَ{56} لَهُمْ فِيهَا فَاكِهَةٌ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ{57} ( سورة ياسن الآية، 51-57)

« سۇر چېلىنغان ھامـان ، ئـۇلار ئـالاقزادە بولۇشـقان ھالـدا ، قەبرىلىرىـدىن چىقىشـىپ پەرۋەردىگـارى تەرەپكە تىز–تىز مېڭىشىدۇ، ئۇلار " ۋاي ئىست ! بىـزنى ئۇخلاۋاتقـان قـەبرىمىزدىن كـم ئويغـاتتى ؟ دېيىشـىدۇ. مۆمىنلەر ئۇلارغا جاۋابەن " مانابۇ مېهرىبان الله ۋەدە قىلغـان ، پەيغەمبەرلـەر ، بـۇنى يەتكۈزۇشـتە راسـتچىل بولغـان كۈندۇر دەيدۇ. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ھەممەيلەن ھۇزۇرىمىزغا ھـازىر بولـدۇ، ئـۇ كۈنـدە ھېچبىـر كىشـى زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھللىرى ھەققەتەن نازۇ–نېمەت ئىچىدەدۇر ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىللىرى جەننەتلەرنىڭ سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگـە يۆلەنگـەن ھالـدا

ئۆلتۇرىشىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار»

(س/ ياسىن: 51–57 ئا). دېگەن .

ئاشۇ نېمەتلەردىن سىرت ئۇلارغا سالام قىلىنىدۇ ، بۇ سالامنىڭ كىمدىن قىلىندىغانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟ الله قۇرئاندا : (سَلَامٌ قَوْلاً مِنْ رَبٍّ رَحِيمٍ) (يس:58)« مېھرىبان پەرۋەردىگارى بولغان الله دىن ، ئۇلار سالام دېيىلىدۇ» مانابۇ جەننەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەھۋالى ، ئۇلار ئۆز ئارا ئۈچراشقاندا ، دۇنيادىكى ئىشلارنى ئەسلىشىپ:(أَفَمَا نَحْنُ بِمَيِّتِينَ{58} إِلَّا مَوْتَتَنَا الْأُولَى وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ{59} إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ{60} لِمِثْلِ هَذَا فَلْيَعْمَلْ الْعَامِلُونَ{61})«دۇنيادا ئۆلگۈنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق.. ؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق ىېد.. ؟ ئەھلى جەننەت ئېرىشكەن نېمەت ھەقىقەتەن زور نېمەتتۇر ، كۆرەش قىلغۇچىلار ، مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلسۇن...»دېيىشىدۇ .

الله نىڭ قۇرئاندا :(إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازاً{31} حَدَائِقَ وَأَعْنَاباً{32} وَكَوَاعِبَ أَتْرَاباً{33} وَكَأْساً دِهَاقاً{34} لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْواً وَلَا كِذَّاباً{35} جَزَاء مِّن رَّبِّكَ عَطَاء حِسَاباً{36} رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا الرحْمَنِ لَا يَمْلِكُونَ مِنْهُ خِطَاباً{37} (سوره النبء)« تەقۋادارلار ھەقىقەتەن زور نېمەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇ نېمەت باغۇ–بوستانلار ، تاتلىق ئۈزۈم ، تەڭتۇش ھور–پەرىلەردۇر ، ۋە شارابلار بىلەن تولدۇرۇلغان ، جاملاردۇر ، ئۇلار جەننەتتە يالغان ۋە بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى ، يېتەرلىك ئاتاسىدۇر ، ئۇ زات ئاسمانلار ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ، قىيامەت كۈنىدە ، ئۇ كۈننىڭ ھەيبەتلىكىدىن ، ھېچكىم الله غا سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ»دېگەنگە ئوخشاش ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ ئاشۇ نېمەتلەرنى كۆرىدۇ » (س/نەبە: 31–37ئا) .

قۇرئان خەۋەر قىلغان ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى پات ئارىدا كۆرىمىز ، چۈنكى بۇ خەۋەرلەرنى بىزگە يەتكۈزگەن كىتاپ بولسا، ئۆۋەتتىكى ئالىملار بېشىنى ئەككەن مۆجىزلەر بىلەن خەۋەر قىلغان كىتاپنىڭ ئۆزى شۇدۇر ، قۇرئان كەرىم بولسا ، زاماننىڭ تۇساقلىرىنى ئاتلاپ ئىنسانلارغا ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىدۇ، قۇرئاننىڭ كائىنات ۋە بىز توغرۇلۇق قىلغان خەۋەرلىرىنى راست كۆرگىنىمىزدەك ، كەلگۈسىمىز توغرۇلۇق قىلغان خەۋەرلەرنىمۇ جەزمەن كۆرىمىز . الله ، جەننەت ئەھلى ھەققىدە : (إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ. آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُحْسِنِينَ) (الذريات: 16) « تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلار ئارىسىدا بولىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتاقىلغان مۇكاپاتلارنى ئالىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلار» (س/ زارىيات: 15–16ئا) دەيدۇ ۋە يەنە بىر ئايەتتە : (هَذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ{32} مَنْ خَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ وَجَاء بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ{33} ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ ذَلِكَ يَوْمُ الْخُلُودِ{34} لَهُم مَّا يَشَاؤُونَ فِيهَا وَلَدَيْنَا مَزِيدٌ{35} (القاف ،الآية 31-35)

« جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلدۇ، مانابۇ ، سىلەرگە ۋەدە قىلغان نېمەتلەر ، اللە نىڭ تائىتىگە قايتقۇچى ، كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچى ، بەندىلەر ئۈچۈندۇر ، كىمكى، اللە دىن باشقا ھېچ بىركىشى كۆرمەيدىغان مەخپى ئىشلاردىمۇ، مېھرىبان اللە دىن قورقسا ، ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە ، ئۇلارغا ، جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار ، بۇ مەڭگۈ ياشاش كۈندۇر ، دېيىلىدۇ، جەننەتتە ئۇلار خالىغان ھەممە نېمەتلەر بار ، ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىزنىڭ ئۇلارغا ئالاھىدە مۇكاپاتىمىزمۇ بار» (س/ قاف: 31–35 ئا) دەيدۇ.

شۇنداق ..، اللە بىلەن قەسەمكى ، ئەسىرلەر بويى قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك ، بۇ ئايەتتە دېيىلگەننىمۇ جەزمەن كۆرىمىز . دوزاخ ئەھلىنىمۇ دوزاخنى جەزمەن كۆرىدۇ، اللە قۇرئانىدا : (وَلَوْ تَرَى إِذِ الْمُجْرِمُونَ نَاكِسُو رُؤُوسِهِمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ رَبَّنَا أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَارْجِعْنَا نَعْمَلْ صَالِحاً إِنَّا مُوقِنُونَ) (السجدة:12)« ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ ، ئەلۋەتتە ھەيبەتلىك ، قورقۇنۇشلۇق بىركۆرۈنۈشنى كۆرگەن بولاتتىڭ ، ئۇلار ( پەرۋەردىگارىمىز ! مانا ئەمدى بىز قۇرئان خەۋەر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى كۆردۇق ، ئاڭلىدۇق ، بىزنى دۇنياغا قايتۇرساڭ ، قۇرئان كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق ، بىز ھازىر قۇرئان قىلغان خەۋەرلەرگە، جەزمەن ئىشەنگۈچىلەرمىز دېيىشىدۇ» ( س/سەجدە:12–ئا] دېگەن .

ئۇلار ئەمدىلىكتە ، قىلمىشلىرنى بويۇنلىرىغا ئېلىشىپ ، بىزنى دۇنياغا قايتۇرساڭ ، پەرۋەردىگارىمىز...! بىز جەزمەن ئىشەنندۇق ، بىزنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەڭ ، دېيىشىدۇ، پايدىسى يوق ، ئۇلارنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ پايدىسى يوق ، اللە بۇلار ھەققىدە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:(وَقَالُوا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ) (الملك:10) « ئۇلار–: ناۋادا بىز قۇرئاندىكى خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان بولساق ، ياكى ياخشى تەپەككۇر قىلغان بولساق ، دوزاخ ئەھلى قاتارىدا بولماس ئىدۇق– دېيىشىدۇ » (س/مۇلك:9–ئا) ۋاي ئىست ! قۇرئانغا قۇلاق سالغان بولساق ، ۋە ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلارنى ئىنچىكىرەك مۇلاھىزە قىلىپ باققان بولساق...، ئەقلىلىرىمىزدىن ، قۇلاقلىرىمىزدىن پايدىلانغان بولساق...، دەپ ھەسرەت چېكىشىدۇ : (وَقَالُوا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ.فَاعْتَرَفُوا بِذَنْبِهِمْ فَسُحْقاً لِأَصْحَابِ السَّعِيرِ) (الملك:11) « ئۇلار–: ناۋادا بىز قۇرئاندىكى خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان بولساق ، ياكى ياخشى تەپەككۇر قىلغان بولساق ، دوزاخ ئەھلى قاتارىدا بولماس ئىدۇق دېيىشىپ ، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ، دوزاخ ئەھلى اللە نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن ...» (س/ مۇلك: 10–11ئا).

يەنە بىر ئايەتتە:( إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزاً حَكِيماً) (النساء:56)« بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى جەزمەن دوزاخقا كىرگۈزىمىز ، قاچانلىكى ئۇلارنىڭ تېرىللىرى كۆيۈپ پىشىپ قالسا ، ئازابنى

تېتىشىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز » (س/ نىسا: 56ئا.) دېگەن.

ئۇلار ئازاپتىن قۇتۇلالامدۇ..؟ الله بۇھەقتە قۇرئاندا:(وَالَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ نَارُ جَهَنَّمَ لا يُقْضَى عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلا يُخَفَّفُ عَنْهُمْ مِنْ عَذَابِهَا كَذَلِكَ نَجْزِي كُلَّ كَفُورٍ) (فاطر:36) « كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ ئارام تېپىش قالماسلىقى ئۈچۈن ، جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز » (س/ فاتىر: 36ئا.)دېگەن .

مانا بۇ چاغدا ، جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى بىر-بىرىنى تونۇلىشىدۇ، بۇ ھەقتە الله قۇرئاندا:(وَنَادَى أَصْحَابُ الْجَنَّةِ أَصْحَابَ النَّارِ أَنْ قَدْ وَجَدْنَا مَا وَعَدَنَا رَبُّنَا حَقّاً فَهَلْ وَجَدْتُمْ مَا وَعَدَ رَبُّكُمْ حَقّاً..) (لأعراف:44) « جەننەت ئەھلى ، دوزاخ ئەھلىگە ( بىز پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشلارنى ھەق تاپتۇق ، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان ئىشلارنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟ ) دەپ توۋلايدۇ»(س/ئەئراپ:44-ئا) دېگەن.

جەننەت ئەھلى ، الله بىلەن قەسەمكى ، الله قۇرئاندا خەۋەر قىلغان جەننەتنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەرنى ، ھەقىقەتەن كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق ، راستىنلا كۆردۇق ، دوزاخ ئەھلى .. سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان دوزاخنى ھەقىقەتەن كۆردىڭلارمۇ؟، قۇرئان خەۋەر قىلغان خەۋەرنىڭ راستلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ شۇنداق... دەيدۇ، بۇ ھەقتە الله قۇرئاندا:(قَالُوا نَعَمْ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنٌ بَيْنَهُمْ أَنْ لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ)، (لأعراف:44) « ئۇلار:- شۇنداق. .. قۇرئان خەۋەر قىلغان خەۋەرنىڭ راستلىقىنى بىلدۇق-دەيدۇ، شۇ ئەسنادا بىر جاكارچى ( زالىملارغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن ) دەپ جاكارلايدۇ» (س/ ئەئراف: 44ئا.)دېگەن .

شۇنداق بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ الله نى بارلىق ياخشى سۈپەت بىلەن ماختىشىدۇ، بۇ ھەقتە الله قۇرئاندا:(وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاءُ فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ) (الزمر:74)
« ئۇلار جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلۇشۇپ :- بارلىق ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاش الله غا خاستۇر ، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى ، جەننەتتىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا بىزنى ۋارىس قىلدى ، ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە دېگەن كاتتا .. دەيدۇ» ( س/ زۇمەر: 74ئا.)دېگەن .

ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە دېگەن كاتتا .. ،ئۇخلىغانلارنىڭ ، ھورۇنلارنىڭ ، بىكىنمىچىلەرنىڭ ئەمەس ، قۇرئان كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ، مۇكاپاتى نېمە دېگەن كاتتا .. ،

قېنى قۇرئان ئەتراپىغا جەم بولۇڭلار ... بىز بۇ كىتاپنى بىرگە ئوقۇپ ، بىرگە تەپەككۇر قىلىپ ،ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەيلى ، قېنى قۇرئان ئەتراپىغا جەم بولۇڭلار ...، جەننەتكە كىرىپ ، غەلبە

قلغۇچىلاردىن بولىشىمىز ئۈچۈن ، بىز بۇ كىتاپتىكى ، ئىلاھى كۆرسەتمىلەر بۇيىچە ئەمەل قىلايلى ۋە بۇ ئىلاھى كۆرسەتمىلەرنى كىشلىك ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلايلى .....

قولىمىزدىكى بۇ قۇرئان بولسا، ئۆزىدىكى پۇلاتتەك ئىلمى پاكىتلىرى بىلەن ، ئۆزىگە قارىتىلغان بارلىق شەك–گۇمان ۋە بارلىق بەتنامىلارنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ، الله بۇ ھەقتە:(لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ)،( الحديد: 25) « كىشلەرنىڭ ئىنكار قىلماسلىغى ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلىرىمىزنى ، ئىلمى پاكىت ۋە مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق » (س/ ھەدىد: 25ئا.) دىگەن.

بارلىق ئىنسانىيەتكە پاكىت بولسۇن ئۈچۈن الله پەيغەمبەر (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنى ، مۇشۇ قۇرئان بىلەن قۇرانلاندۇرۇپ ئەۋەتكەن، الله بۇ ھەقتە:(رُسُلاً مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزاً حَكِيماً) (النساء:165)

« ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ، الله نىڭ ئالدىدا ، پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ، ئەلۋەتتە ئىيمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دىگۈچىلەرگە ،باھانە بولۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن ،تەقۋادارلارغا جەننەت بىلەن ، خۇش خەۋەر بەرگۈچى ، ئاسىلىق قىلغۇچىلارنى ، دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق » ( س/ نىسا: 56ئا.)دىگەن .

الحمد لله رب العالمين ، والصلوة و السلام على سيدنا محمد و على آله و صحبه أجمعين .

www.islamawazi.net